2021 فيۋرال- مارت

ئومۇمىي 19-سان



# ئۇيغۇرلار

# The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



مەخپىي ئۇرۇش
1



ئالياسكا سۆھبىتى
28



ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى رېئاللىقى
97

2021 فېۋرال- مارت

ئومۇمىي 19-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمدە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى 52

ۋاقىت باشقۇرۇش ۋە
كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت 93

مايمۇن ئويۇنى ۋە ئۇنىڭ
ئارقىسىدىكى روھىي
ئاسارەت 42

پەرزەنت تەربىيىسى 118

## خىتاي تەتقىقاتى

مەخپىي ئۇرۇش

## گۈلىستان

زۆھرەنىڭ ھېكايىسى

ياخشى كەيپىياتنىڭ
مۇھىم ئەھمىيەتلىرى 37

## تارىخ ۋە بىز

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى
رېئاللىقى

## ئارقا مۇقاۋىدا

**نورۇز مۇبارەك**

كالىفورنىيەدىن مەرىپەت (9ياش)
ۋە ھەدىيە (7 ياش) سىزغان

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاي ئامېرىكا ئالياسكا سۆھبىتى

تالىبان كىم؟ 71

تەيۋەنگە نەزەر 86

91

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار 108

## ساغلاملىق

ئاشۋاگاندانىڭ 12 خىل پايدىسى 47

## كۆچمەندىكى ئۇيغۇرلار

ئوقۇش ھاياتىمدىكى
ئەسلىمىلىرىم 75

## ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلاردا مېھماندوستلۇق ۋە
مېھماندارچىلىق ئەدەبلىرى 67













خىتاي تەتقىقاتى

HOW CHINA TOOK OVER
WHILE AMERICA'S ELITE SLEPT

مەخپىي ئۇرۇش

# STEALTH WAR

روبېرت سپالدىڭ



GADIER GENERAL
RT SPALDING
'S Air Force, Retired)

# سەككىزىنچى باب:
# ئەقلىي مۇلۈكلەرنى ئوغرىلاش

**(بېشى ئالدىنقى ساندا)**

خىتاي يەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە تولىمۇ ھېرىس بولۇپ، بۇ ھېرىسلىق خىتاينىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا داۋاملىشىۋاتقىلى نەچچە ئون يىللار بولۇپ قالدى. خىتاي ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىلا تېخنولوگىيە ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ماۋ زېدوڭ خىتاي قىزىل ئارمىيەسىگە ئىمكانقەدەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخنىكىلىرىنى قولغا كىرگۈزۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. دېڭ شياۋپىڭ بۇنىڭغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ، خىتاي زور تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنى غەرب دۆلەتلىرىدە ئوقۇپ، تېخنىكا ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» (超限战) دېگەن كىتابتىمۇ «تېخنىكىنى تىزگىنلەش» تېمىسى كىتابنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ كىتابتا يەن ـ تېخنىكا بىلەن پۇل مۇئامىلە نوپۇزغا ئىگە بولۇشنىڭ ئاساسلىق قوزغاتقۇچ كۈچى، دەپ قارالغان. شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا، «2025 خىتاي ياسىمچىلىقى» دېگەن نامدىكى ئون يىللىق سانائەت پىلانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن، خىتاينىڭ يەن ـ تېخنىكا «قىزغىنلىقى» تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، 2025 ـ يىلىدىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇلۇشى پىلانلانغان مەزكۇر پروجېكت 2049 ـ يىلىغا بارغاندا خىتاينى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ياسىمچىلىق دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

(ئاخىرقى چەك) نېمە ئۈچۈن 2049 ـ يىلى قىلىپ بېكىتىلگەن؟ چۈنكى، ئۇ چاغدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغىنىغا دەل 100 يىل بولىدۇ. 2015 ـ ۋە 2049 ـ يىللىرى بىردەك مۇۋاپىق پەيتلەردۇر. لېكىن، خىتاي يۇقىرى يەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە ئاللىقاچان راۋۇرۇس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بولدى. شۇنىسى شەكسىزكى، خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار نازارەت دۆلىتى بولۇپ، پۈتكۈل

دۆلەت مىقياسىدا تەخمىنەن بىر مىليارت دانە كۆزنىتش كامېراسى ئورنىتىلغان. بۇ كامېرالار خىتاي خەلقىنىڭ ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. خىتاي يەنە پۈتۈن دۇنيا بويىچە يۈز تونۇش جەھەتتىكى ئەڭ ئىلغار سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسىغا، دۇنيا بويىچە سۈرئىتى ئەڭ تېز دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېرغا، ئەڭ كۆچلۈك، ئاۋازدىن يەۋقۇلئاددە تېز ھاۋا تونېلىغا (Hypersonic wind tunnel) ۋە دۇنيادىكى تۇنجى شىفىرلانغان سۈنئىي ھەمراھ ئالاقە سىستېمىسىغا ئىگە.

خىتاي ئاللىقاچان دۇنيا ياسىمىچىلىق ساھەسىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، 2010 - يىلىلا بۇ ساھەدە ئامېرىكادىن ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، «2025 خىتاي ياسىمىچىلىقى» دېگەن نامدا «ئوتتۇز يىلدا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ياسىمىچىلىق دۆلىتىگە ئايلىنىش» شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تېگىدە باشقا گەپ باردەك قىلىدۇ. مەزكۇر پروجېكتنىڭ «ياسىمىچىلىق ساھەسىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، يەن - تېخنىكا بىلەن سانائەتنى بىرلەشتۈرۈپ، سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىش، خىتاي ماركىلىرىنى بەرپا قىلىش، يېشىل ئېنېرگىيەلىك ياسىمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇلازىمەتنى يېتەكچى قىلغان ياسىمىچىلىقنى تەشەببۇس قىلىش» قاتارلىق مۇھىم نىشانلىرى تەتقىقات بىلەن لايىھەگە مەركەزلەشكەن. يۇقىرىدىكى ئىككىنچى نىشان (يەنى «پەن - تېخنىكا بىلەن سانائەتنى بىرلەشتۈرۈپ، سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىش») شۇ نەرسىنى تېخمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، مەزكۇر پروجېكتنىڭ نىشانى سانائەت زاۋۇتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش بولماستىن، بەلكى ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر. تۆۋەندىكىسى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانلانغان ئاشۇ تېخنىكىلارنىڭ تىزىملىكىدۇر:

1. يېڭى ئۇچۇر تېخنىكىلىرى
2. رەقەملىك كونترول قىلىنىدىغان يۇقىرى ئۇچ ماشىنا قوراللىرى (machine tool) ۋە ماشىنا ئادەملەر
3. ئالەم بوشلۇقى ئۈسكۈنىلىرى
4. ئوكيان قۇرۇلۇشى ئۈسكۈنىلىرى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق پاراخوتلار
5. يۇقىرى تېخنىكىلىق تۆمۈر يول قاتنىشى ئۈسكۈنىلىرى
6. ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ئاپتوموبىل ۋە يېڭى ئېنېرگىيە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللار
7. ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر
8. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى
9. بىرىكمە ماددىغا ئوخشاش يېڭى ماتېرىياللار
10. بىيو مېدىتسىنا ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق تىببىي ئۈسكۈنىلەر

مەزكۇر ساھەلەردىكى لايىھە ۋە ياسىمچىلىق ئىشلىرىنى تىزگىنلەش (ختاي ئۆچۈن) غايە بولماستىن، پەقەتلا ۋاستىدۇر. يەنى بۇ پەقەتلا ختاينىڭ دۇنيادىكى چوڭ شىركەتلەرنى تىزگىنلەپ، ئۇلارنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر. بۇ بىرىنچى قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ختاي دۇنيا بازىرىنىڭ سەركىسىگە ئايلانسا، مەسىلەن دېھقانچىلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە تېببىي ئۈسكۈنە ساھەلىرىدە يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتسە، شۇنداقلا ئىلغار كېمىسازلىق تېخنىكىلىرىغا ئىگە بولسا ۋە بۇنىڭغا ختاينىڭ چەتئەلدىكى پورتلىرى قوشۇلسا، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ، ختاينىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تىزگىنلەيدىغان قورالىغا ئايلىنىدۇ - دە، ختاي بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گېئوپولىتىك كۈچىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ.

يۇقىرىقى بايانلىرىمنى كۆرگەنلەر ختاينى ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەسەرلەردىكى رەزىللىكتە ئۆچىغا چىققان زۇلمەت ئىمپېرىيەسىگە ئوخشىتىپ، ئەقلى لال بولۇشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ، قانداق بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ بۇ شەكىلدە ھەممە نەرسىنى كونترول قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ؟ لېكىن، ختاينىڭ پىلانى دەل ئاشۇ.

ختاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مەزكۇر پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «تېخنىكا ئىگىلەش»نى ئادادقى نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يادروسى دەپ قارىماقتا. ختاي تېخنىكىغا مۇشۇ دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسىنى جاسۇسلۇققا سالماقتا. 2017 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، «دۆلەتلىك ئىستىخبارات قانۇنى» ختايدا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى. مەزكۇر قانۇن ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە زورايتىۋەتكەن بولۇپ، ھۆكۈمەت پۇقرا تۇرماق، ختاي زېمىنىدا تىجارەت قىلىۋاتقان يەرلىك ۋە چەتئەل شىركەت - ئورگانلىرىنىمۇ «قانۇن بويىچە» نازارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. مەزكۇر قانۇندا يەنە ئىستىخبارات خادىملىرىغا مۇئەييەن كارخانا ياكى شەخسنى «جاسۇس» دەپ ئەيىبلەش ھوقۇقى بېرىلگەن. تۆۋەندىكىسى مەزكۇر «ھەممىلا جاسۇس» قانۇنىنىڭ بىر ماددىسىدۇر:

14 - ماددا: دۆلەتلىك ئىستىخبارات ئورگانلىرى قانۇن بويىچە ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرغاندا، ئالاقىدار ئورگان، تەشكىلات ۋە پۇقرالاردىن زۆرۈر بولغان ياردەملەرنى ۋە ماسلىشىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

بۇ خىل ئۆزگىرىش پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، بۇ قانۇن ئارقىلىق خىتاينىڭ «تېخنىكىغا ئېرىشىش» ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان، سېسىق نامى پۇر كەتكەن، «ئەخلاق»تىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان ئۇسلۇبى ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي ئېتىراپىغا، شۇنداقلا «قانۇن»دىن ئىبارەت يېپىنچا ۋە دەستەككە ئېرىشتى. مەزكۇر قانۇن ئارقىلىق ھەرقانداق پۇقرانى ھۆكۈمەت تەستىقلىغان ئىستىخبارات خىزمەتلىرىگە قاتنىششقا مەجبۇرلاش «ھوقۇقى»غا ئېرىشكەن خىتاي ھۆكۈمىتى بارلىق پۇقرالىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن — مەيلى كىمدىن بولسا بولسۇن — ئىنژېنېرلىق چېرتيوژلىرى، ماتېرىيال، ئەقلىي مۈلۈك قاتارلىقلارنى ئوغرىلاپ كېلىشكە يول قويىدى (ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتتى). بۇ چاغدا، خىتاي يېقىندىن بەرپا قىلغان «ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى» كارغا كەلدى. ھۆكۈمەت مەزكۇر مېخانىزمدىن پايدىلىنىپ، زورۇر تېپىلغاندا پۇقرالارنى دۆلەتنىڭ ئىستىخبارات خىزمەتلىرىگە ماسلىششقا مەجبۇرلىدى، ئەگەر ئۇنىمىسا «ئىجتىمائىي ئىشەنچ نومۇرى»غا تەسىر يېتىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتتى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، مەلۇم بىر بېيجىڭلىق خىتاي چەتئەل شىركىتىدە خىزمەت قىلسا، ئاندىن دۆلەت (خىتاي) ئۇنىڭدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن سودا جاسۇسلۇقى قىلىپ، شىركەتنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلاشنى تەلەپ قىلسا ۋە «ئەگەر دېگىنىمىزگە كۆنمىسەڭ، بالاڭ داخىلىق مەكتەپلەردە ئوقۇيالمايدۇ» دېسە، ئەگەر ئۇ دۆلەتنىڭ تەلىپىگە ماقۇل دېسە، بالىسىمۇ داخىلىق مەكتەپلەردە ئوقۇيالايدۇ، دۆلەتمۇ مۇھىم ئىستىخباراتقا ئېرىشىدۇ. بۇنىڭ ئاشۇ بېيجىڭلىق خىتايغا نېمە زىيىنى بار؟ بۇ ئېنىقلا (خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي پۇقرادىن ئىبارەت) ئىككىلا تەرەپ تەڭ مەنپەئەتلىنىدىغان ئىش.

بەزى ئىستىخبارات خىزمەتلىرى قارىماققا نىسبەتەن زىيانسىزدەك كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ (CIA) يۈزلىگەن تەھلىلچىلىرى بار، ئەمما بۇلار «جېيمس بوند»تىن (داخىلىق جاسۇس ئوبرازى) بەكرەك ئىقتىسادشۇناس پروفېسسورلارغا ئوخشايدۇ. بۇ كىشىلەر ۋەقەلەرنى، ئىقتىسادىي يۈزلىنىشنى ۋە سىياسىي شەخسلەرنى ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلىدۇ. لېكىن، CIA نىڭ تەھلىلچىلىرى بۇ ئىشلارنى خۇاۋېي قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ سودا مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلاپ، ئاندىن ئۇنى ئامېرىكا تېلېفون - تېلېگراف شىركىتىگە (AT&T) تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قىلمايدۇ. نۆۋەتتە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا قانۇن تۈزگۈزۈپ، «يوللۇق» رەۋىشتە شىركەت ۋە شەخسلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخنىكا ئوغرىلاشقا سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، «بىر كۈنلەردە خىتايدا ھەممە ئادەم جاسۇسقا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن» دېيىلسە، بۇ قانداقتۇر تەسەۋۋۇر كۈچى چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك بولماستىن، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەسەۋۋۇردۇر.

غەلىتە يېرى، 2019 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، يەنى خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق خىتاي پۇقرالىرىنى جاسۇسلۇققا سېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ بىر يىلدىن

كېيىن، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ پوزىتسىيەسى تۈيۈقسىزلا يۆمىشاشقا باشلىدى. بۇ خىل يۇمشاشقا ئاساسلىقى ئامېرىكانىڭ ــ خېلىلا كىچىككەن بولسىمۇ ــ خىتاينىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەركىن تىجارەت كېلىشىملىرىگە رىئايە قىلماي، ئەركىن تىجارەتتىن ئۆزىلا نەپ ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا قايتۇرغان ئىنكاس سەۋەپتىدە، خىتايغا قاراتقان سودا بېجىنى ئاشۇرغانلىقى سەۋەب بولغان. بۇ ۋاقىتتا، خىتاي كومپارتىيەسىدىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق ھوقۇقدار شەخس لى كېچياڭ (李克强) بىر يېڭى قانۇننى ئېلان قىلىپ، چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ «ئىستىخبارات قانۇنى»نىڭ زىيىنىغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ «مەزكۇر يېڭى قانۇن گەرچە جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنسىز ھالدا چەتئەل كارخانىلىرىنىڭ تىجارىتىگە ئارىلىششىنى، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەل شىركەتلىرىنى تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىشىنى چەكلەيدۇ» دېگەن.

قائىدە بويىچە، مەزكۇر يېڭى قانۇن چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلىغان ۋە ئۇنى باشقىلارغا ساتقانلارنى جازاغا تارتالايدىغان بولغاچقا، ئەقلىي مۈلۈكلەرنىڭ ساختىسىنى ياساش ۋە ئۇنى ئوغرىلاشنىڭ ئالدىنى ئالالايتتى. لى كېچياڭ مەزكۇر قانۇننى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئاخىرى ئىقتىسادنى ئېچىۋېتىپ، ئادىل، قانۇنلۇق رەۋىشتە تىجارەت قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغانىدى.

لى كېچياڭ: «بىز ئاشكارا تەدبىرلەرنى ئېغىزىمىزدىن چىقارغانىكەنمىز، چوقۇم دېگەنلىرىمىزنى ئىجرا قىلىمىز» دېدى.

لېكىن، لي كېچياڭنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مەزكۇر قانۇننىڭ ئىجراسىغىچە بولغان بارلىق ئىشلارغا ئالدىراپ ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، خىتاي ئىلگىرىمۇ دەبدەبىلىك شوئارلارنى توۋلاپ، ئىسلاھات قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سېلىشقانىدى. لېكىن، خىتايدا تىجارەت قىلغان بىر ئامېرىكالىق سودىگەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، «خىتايدىكى تەپتىش ئەمەلدارلىرىدىن قايسى بىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم چىقىرالايدۇ؟». بۇنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاددىي، خىتاي ھەقىقىي رەۋىشتە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنمىغۇچە، خىتايدىكى تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھەرقانداق ئەمەلدارىنى «ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى ياكى تەقلىدچىلىكى قىلغان» دەپ ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، چوقۇم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ قاتارلىق كاتتىباشلىرىنىڭ ئىجازىتى بولۇشى كېرەك.

خىتايدىكى ئەدلىيە تۈزۈمى ھەرقانداق چەتئەل كارخانىسىنىڭ بۇ يەردە «ئادالەتكە ئېرىشىش» چۈشىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئىلگىرى بېيجىڭدا سوتقا ئەرز قىلىپ باققان ئامېرىكالىق بىر تىجارەتچىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتايدا ئادۇوكاتلارنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە ساداقەت بىلدۈرۈشى تەلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىندۇ، «پۇلنى مەن تۆلەيدىكەنمەن ـ يۇ، ئادۋوكاتنىڭ ختاي كومپارتىيەسىگە بولغان ساداقىتى ماڭا بولغان ساداقىتىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىكەن» دەيدۇ ئۇ.

ختاي كومپارتىيەسىنىڭ تېخنىكىلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە بولغان «ئىشتىياقى»نىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈش، شۇنداقلا (ختايدا تىجارەت قىلىۋاتقان) چەتئەل كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك، كاپىتال ۋە قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش جەھەتتە نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇنداق بىر مىسالنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. بىز مەزكۇر مىسالدىن ختاي كومپارتىيەسىنىڭ چەتئەل كارخانىلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل قوللىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشقا قانچىلىك «تەشنا» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۆز نۆۋىتىدە، بىز بۇ مىسال ئارقىلىق يەنە ختاينىڭ ئەخلاقسىز، قىلىقسىز قىلمىشلىرىغا قانداق قارشى تۇرۇش توغرىسىدىمۇ بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز.

### ختاينىڭ «تاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى»نى (Tang energy group) چاڭگىلىغا كىرگۈزۈشى

1995 ـ يىلى، داللاس شەھىرىدىكى يىغى كارخانىچى پاترىك جەنۋېين (Patrick jenevein) تۇنجى قېتىم ختايغا بارغان. ئەينى چاغدا، جەنۋېين نولان گۇرۇھىنىڭ (Nolan Group) باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى (CEO) بولۇپ، مەزكۇر گۇرۇھنىڭ ئېنېرگىيەگە ئالاقىدار نۇرغۇن كارخانىلىرى بار ئىدى. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى تەبىئىي گاز بىر تەرەپ قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەزكۇر شىركەتنىڭ تەبىئىي گازنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئىسراپچىلىقنى ئازايتىپ، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش تېخنىكىسى ختاي دۆلەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. شۇنىڭ بىلەن، جەنۋېين ختاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى نېفىت بايلىقى مول بولغان، (ئىشغال ئاستىدىكى) شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان.

1996 ـ يىلى، جەنۋېين تاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھىنى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا نېفىت قازماقچى بولغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مەزكۇر شىركەتنىڭ خىزمەت دائىرىسى ئەسلىدىكى تەبىئىي گاز بىر تەرەپ قىلىشتىن، تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىپ توك تارقىتىشقا تەرەققىي قىلغان. بۇ جەنۋېيننىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن ۋۇجۇدقا چىققان ئۆزگىرىش ئىدى. «ئىلگىرى بىز ئامېرىكادا مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق باشقا تىجارەتكە قارىغاندا كۆپ پۇل تاپاتتۇق» دەيدۇ ئۇ.

تىجارەت يۈنىلىشىدىكى بۇ خىل بۇرۇلۇش يېڭى مۇناسىۋەتلەرگە سەۋەب بولغان. چوڭ تىپتىكى تەبىئىي گاز ئېلېكتىر زاۋۇتلىرىنىڭ ھەممىسى رېئاكتىپ گېنېراتور ئىشلىتەتتى. «تاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى»مۇ رېئاكتىپ گېنېراتور ئىشلەتكەن ھامان، ئۆزىنىڭ خىتايدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت مۇداپىئە ھۆددىگەرلىك شىركىتى بىلەن، يەنى 500 مىڭ خىزمەتچىسى، 140 تارماق شىركىتى بار غايەت زور سانائەت ماگناتى «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» (中国航空工业集团有限公司) بىلەن ھەمكارلىشىپ قالغانلىقىنى بايقىغان. «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» «تاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى»نىڭ تېخنىكىسىغا كۆز تىكىۋاتقانىدى. نەتىجىدە بۇ ئىككى شىركەت بىرلىكتە شامال كۈچى گېنېراتورى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پىرقىرىما قانات ياساشقا كىرىشكەن. شۇنداقلا، «تاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى» بىلەن «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» 2001 ـ يىلى ئورتاق مەبلەغ چىقىرىپ «HTblade» پىرقىرىما قانات شىركىتىنى قۇرۇپ، شامال كۈچى گېنېراتورى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پىرقىرىما قانات ياسىغان. جەنۇۋېين: «بىز ئۇ شىركەتنى يوقتىن بار قىلىپ، دۇنيادىكى پىرقىرىما قانات ياسايدىغان ئىككىنچى چوڭ شىركەتكە ئايلاندۇرغانىدۇق» دەيدۇ.

«HTblade» پىرقىرىما قانات شىركىتى ئۆز نۆۋىتىدە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى «تەۋەككۈل سەرمايىسى» بىلەن تەمىنلەيدىغان شىركەتلەرنىڭ سەرخىللىرىدىن «كىلېينېر پېركىنس»نىڭ (Kleiner Perkins) دىققىتىنى تارتقان. ئىككى تەرەپ 2009 ـ يىلىدىن باشلاپ، مەزكۇر شىركەتنى (يەنى «HTblade» پىرقىرىما قانات شىركىتىنى) ئاكسىيە بازىرىغا كىرگۈزۈشنى مۇزاكىرە قىلىشىپ، شىركەتنىڭ بازار قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 1 مىليارد 800 مىليون دوللار ئەتراپىدا بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. «تاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى» بۇ شىركەتنىڭ 25 پىرسەنت پېيىغا ئىگە بولىدىغان، يەنى شىركەت ئاكسىيە بازىرىغا كىرگەن كۈنى 450 مىليون دوللار بازار قىممىتىگە ئېرىشەلەيدىغان بولغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇۋېين يەنە ئامېرىكادا بىر شىركەت قۇرۇپ، شامال كۈچى گېنېراتورلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان پىرقىرىما قاناتلارنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى GE، Nordex قاتارلىق شامال كۈچى گېنېراتورى شىركەتلىرىگە سېتىشنى ئويلاشقان. «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى»مۇ دەرھال بۇ يېڭى شىركەتكە شېرىك بولۇشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما جەنۇۋېين بۇ تەلەپنى رەت قىلغان. جەنۇۋېين بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۇلارغا <بولمايدۇ، سىلەر بۇ ئىشنى قامالاشتۇرالمايسىلەر، سىلەر ئامېرىكىنىڭ تىجارەت باسقۇچلىرىغا ناتونۇش. (خىتايدىكىدەك) ھەممە ئىشتا سومكا ـ سومكا ھۆججەتلەرنى كۆتۈرۈپ ھۆكۈمەتكە قاترايدىغان ئۇسۇل بۇ يەرنىڭ رىتىمىغا يېتىشەلمەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ قانۇن تۈزۈلمىسىمۇ سىلەر خىتايدا كۆنگەن ئادەتلەرگە ئوخشىمايدۇ، شۇنداقلا سىلەر ئامېرىكادا مەبلەغ بىجىنى ئازايتىش ـ كەچۈرۈۋېتىشتىن

بەھرىمەن بولالمايسىلەر. شۇڭا، سىلەرنىڭ بىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بىز بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز، ئەمما بىز بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇشقا ئامالسىزمىز< دېدۇق. ئەمما، ئۇلار (خىتاي ئاۋئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى) <بىز ئالتە يۈز مىليون دوللار مەبلەغ سالىمىز> دېۋىدى، بىز بۇنىڭغا ماقۇل، دېدۇق».

2009 ـ يىلى، خىتاينىڭ سودا مىنىستىرى چېن دېمىڭ (陈德铭) چىكاگونى زىيارەت قىلغاندا، «خىتاي ئاۋئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ بالا شىركىتىدىن بىرى بىر پارچە توختام ئىمزالاپ، «تاك ئېنېرگىيە گۇرۇھى» قۇرغان مەزكۇر شېرىكچىلىكتىكى كارخانىغا تۈنجى قېتىملىق 300 مىليون دوللار مەبلەغنى بېرىشكە قوشۇلغان. مەزكۇر بالا شىركەتنىڭ ئىسمى «سوۋرىڭ شامال ئېنېرگىيەسى» (Soaring Wind Energy) ئىدى.

ئىمزالىنىپ بولغان مەزكۇر توختامغا كۆرە، «خىتاي ئاۋئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ مەبلىغى ئارقىلىق ئامېرىكادا شامال ئېنېرگىيەسى ئىستانسىسىلىرىنى قۇرۇش، شۇنداقلا تېكساس شتاتىدا پىرقىرىما قانات زاۋۇتىدىن بىرنى قۇرۇش ۋە شۇ جايدىن مىڭ نەپەر خىزمەتچى قوبۇل قىلىش پىلانلانغانىدى. لېكىن، كېيىن بۇ ئىش شۇ پېتى توختاپ قالغان. جەنۇۋېين بۇنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىغان. چۈنكى، بو شىلەي (薄熙来) بىلەن شى جىنپىڭ ئارىسىدىكى ھوقۇق كۈرىشىدە، بىر قاتار سەتچىلىكلىرى خىتايدا قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىغان سابىق سودا مىنىستىرى بو شىلەي پارتىيەدىن قوغلانغان ۋە نەتىجىدە يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان توختامۇ توختىتىپ قويۇلغان. «خىتاي ئاۋئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ تامامەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى شىركەت ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇملۇق، شۇ ۋەجىدىن خىتايدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بۇ كۈرەشتە كىمنىڭ يېڭىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ۋاقىتىنچە قەدەم ئالماي تۇرۇشى مەزكۇر سودا كېلىشىمىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

لېكىن، «خىتاي ئاۋئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ باشقىچە چوت سوقۇۋاتقان بولۇشى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن ئىدى. دەرۋەقە، كېيىنكى ئىشلار دەل شۇنداق بولدى. «خىتاي ئاۋئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» (دەسلەپتە دېيىشكەندەك) «تاك ئېنېرگىيە گۇرۇھى» قۇرغان يېڭى شىركەتكە پاي قوشۇشنىڭ ئورنىغا، بۇ يېڭى شىركەت بىلەن رىقابەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بالا شىركەتتىن يەنە بىرنى قۇردى.

«ئۇلار يەنە تېخى بىزنىڭ باش دىرېكتورىمىزنىمۇ تارتىۋالدى، بىز بەھرىمەن بولىدىغان مەبلەغ بېجىنى ئازايتىش ـ كەچۈرۈۋېتىش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولۇۋالدى، پىروجېكتلىرىمىزنى ئوغرىلىدى» دەيدۇ جەنۇۋېين.



www.uyghurkitap.com

ھالبۇكى، «تاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى»غا قىلىنغان ھۇجۇم بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالغىنى يوق. جەنۇبىيىنىڭ ئېيتىشىچە، «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» بىلەن «تاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى» بىرلىكتە قۇرغان «HTblade» پەرقىرىما قانات شىركىتىمۇ خىتاينىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلانغان. مەزكۇر شىركەتنى ئاكسىيە بازىرىغا كىرگۈزۈش پىلانى تۇيۇقسىز توختىتىلغان، شۇنداقلا خىتاي سودا مىنىستىرلىقى ئۆز ئالدىغا «HTblade» پەرقىرىما قانات شىركىتىنىڭ نەق پۇل مۈلكىنى باۋدىڭ خۇيياڭ ئاۋىياتسىيە پەرقىرىغۇچ زاۋۇتىغا (Baoding Huiyang Propeller Factory) تەقسىم قىلىپ بەرگەن. خىتاي سودا مىنىستىرلىقى يەنە ئۆز ئالدىغا «HTblade» پەرقىرىما قانات شىركىتىنىڭ پايلىرىنى «خىتاي دۆلەتلىك ماتېرىيال شىركىتى» (中国材料工业科工集团公司) ۋە جوڭفۇ شىركىتىگە (中孚) ئوخشاش خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بەرگەن.

جەنۇبىيىنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەزكۇر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۇنىڭ پۇل - مېلىنى قاقتى - سوقتى قىلىۋېلىش ئۇسۇللىرى خىلمۇخىلدۇر. «تاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى» دەسلەپتە خىتاينىڭ تەبىئىي گازنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى ياخشىلىشىغا ياردەم قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان. شۇنداقلا، تەبىئىي گاز گېنېراتورى ياساپ چىقىپ، ئايروپىلان قانىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ھەم ئاۋىياتسىيە، ھەم قايتا ئىشلەپچىقىرىش بازىرىدا تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن. ئەمما، «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مال - مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل تارماقلىرى ئىنايىن خۇپىيانە ھالدا بۇ تېخنىكىلارنى، ياسىلىپ بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئوغرىلاپ، بازارنى، سېتىش ئەترىتىنى ۋە پايدىنى تارتىۋالغان. شۇنداقلا (بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي) جەنۇبىين پىلانلاپ قويغان يېڭى بازارنى تىزگىنلەش مەقسىتىدە ئامېرىكاغا كەلگەن.

(يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىنغان) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن «تاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى»غا قول سېلىش ھەرىكىتىنى بىر نەچچە ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. ئالدى بىلەن، مەن جەنۇبىيىنىڭ بۇ كەچمىشىنى ئاڭلىغىنىمدا، «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ بۇ قىلمىشى «يامان غەرەزلىك سېتىۋېلىش» دېگەن سۆزگە قايتىدىن ئېنىقلىما بېرەلىگۈدەك، دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ئارقىدىنلا بۇ سۆزنىڭ مەزكۇر قىلمىشنىڭ رەزىللىك دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. بۇ خىل «تاجاۋۇزچىلىق» مىسلى كۆرۈلمىگەندۇر. بۇ نەچچە مىليارد دوللارلىق مۈلكى بار ئىككى شىركەتنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا، تامامەن يۇتۇۋېلىش قىلمىشىدۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى ئۆزىنىڭ ئىشى، چۈنكى خىتاي بەربىر ھاكىممۇتلەق دۆلەت. خىتايدا ھەممە نەرسە ـــ كىچىكى بىر تىيىن پۇلدىن،

www.uyghurkitap.com

چوڭى زاۋۇت ـ كارخانىلارغىچە ــ بىردەك خىتاي كومپارتىيەسىگە تەۋە. لېكىن، خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ چەتئەل شىركەتلىرىگە ۋە ئۆزىنىڭ تېخنىكا ساھەسىدىكى شېرىكلىرىگىمۇ قول ئۇزارتىشقا پېتىنالىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئەھۋال بۇنداق بولىدىغان بولسا، كېيىن يەنە قايسى شىركەت خىتاي بىلەن تىجارەت قىلىشنى خالايدۇ؟ مەن جەنۇۋېيىندىن «خىتايدا تىجارەت قىلىشنى ياكى خىتاي شىركەتلىرى بىلەن شېرىكلىشىشنى ئويلاۋاتقان ئامېرىكا شىركەتلىرىگە بېرىدىغان قانداق مەسلىھەتىڭىز بار؟» دەپ سورىۋىدىم.

ئۇ مۇنداق دېدى: «نېمىلەرنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ياخشى ئويلاپ، شۇ نەرسىلەرنى بار كۈچىڭىز بىلەن قوغداڭ ۋە بۇ ھەقتىكى زەررىچىلىك مەخپىيەتلىكلەرنىڭمۇ ئاشكارىلىنىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىڭ. بازار پۇرسىتىنىڭ غايىۋى ۋە ئەمەلىي تەرەپلىرى، شۇنداقلا ئۇزۇن مۇددەتلىك يوشۇرۇن خەۋپ ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق نۇقتىسىنى تېپىشقا كاللا قاتۇرۇڭ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۇزۇن مۇددەتلىك يوشۇرۇن خەۋپ <شېرىكىڭىزنىڭ رەقىبىڭىزگە ئايلىنىپ قېلىشى> دېگەندەك ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇنى ئۇنتۇماڭكى، سىزنىڭ شېرىكلىرىڭىزنىڭ ئارقىسىدا هۆكۈمەت بار، ئۇلار سىزگە ھېچقانداق شەپە بەرمەي تۇرۇپلا، سىز بىلەن قارشى تەرەپ تەڭ مەبلەغ چىقارغان كەسپىلەرنىڭ ھەممىسىنى قارشى تەرەپكە تەۋە قىلىپ قويالايدۇ. يەنە تېخى سىز بۇنى بايقاپ قالغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ نەرسىلەرگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، سىزگە قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ».

مەن جەنۇۋېيىنگە: «بۇنداق ھەمكارلىق ئەندىزىسى قارىماققا چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە خەۋپلىكتەك، ھېچبىر مەنپەئەت كاپالىتى يوقتەك كۆرۈنىدىكەن» دېۋىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

«خەۋپ <نەتىجىنىڭ ئېنىقسىزلىقى> بىلەن ئوخشاش تاناسىپ تۈزىدۇ. كۆرۈلگۈسى پايدا ـ زىيان بىلەن بىر قاتار نەتىجىلەرنى تەڭ نەزەردە تۇتقاندا، خەۋپكە تەۋەككۇل قىلىش (خىتايغا مەبلەغ سالماقچى بولغانلارغا) تامامەن ئەرزىيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ».

ئۆزىمۇ مەبلەغ سالغۇچى بولغان جەنۇۋېين ئاخىرىدا «ھېچنېمە قىلماسلىقنىڭمۇ خەۋپى بار» دېگەن سۆزنى قىستۇرما قىلدى.

ئاندىن ئۇ يەنە خىتاينىڭ ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ: «خەۋپ باشقا يەردىن ئەمەس، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك تۈپەيدىن كېلىدۇ. خىتايدىكى سىياسىي يۆزلىنىش ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىز ھازىر ئەڭ كۈچلۈك بورانغا قارشى كېتىۋاتىمىز، ئەمما شامال ئوڭدىن كېلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ» دېدى.

جەنۇۋېيىننىڭ تېكساسلىقلارغا خاس تەلەپپۇزدا ئۆزىنىڭ ئاچچىق كەچمىشلىرىنى قايتىدىن بايان قىلىشىدىن، ئۇنىڭ تەھلىل قىلىشقا ماھىر تىجارەتچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. ئۇ

ئامېرىكا چەتئەل مۇناسىۋەتلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شۇنداقلا خىتاي بازىرىدا 20 يىل تاۋلانغان تەجرىبىلىك تىجارەتچى بولغاچقا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇنىڭغا ئوخشاش خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا چەتئەل كارخانىلىرىغا قىلىنغان ھۇجۇمنى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگەنلەر تولىمۇ ئاز. ئۇ كېيىن ئادۋوكاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ ئوغرىلىقىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. 2014 ـ يىلى «تاك ئېنېرگىيە گۇرۇھى» «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» بىلەن بولغان تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كېسىم سوتىغا ئەرز سۇندى. ئۇ بىر مەيدان «جەڭ» بولۇشنى مۆلچەرلىگەنىدى، دەرۋەقە شۇنداق بولدى.

بىر يىلدىن كېيىن، مەزكۇر كېسىم سوتى «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» 70 مىليون دوللار تۆلەم تۆلىشى كېرەك، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئامېرىكا فېدېرال رايونلۇق سوتىمۇ شۇ ھۆكۈمنى قوللىدى. لېكىن، «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» مەزكۇر ھۆكۈمگە ئېتىراز بىلدۈرگەچكە، نۆۋەتتە بۇ دېلو بەشىنچى سەييارە نارازىلىق ئەرزى سوتىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ سوتتىمۇ يۇقىرىقى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولسا، «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» ئامېرىكا ئالىي سوتىغا ئەرز قىلىشى مۇمكىن.

## خىتاينىڭ قانۇن ئۆرۈشى

جەنۇبىيىنىڭ ئەرز ـ شىكايەت جەريانىدىن خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكا قانۇنلىرىنى قانداق سۇيىئىستېمال قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ «چەتئەل ئىگىلىك ھوقۇقى كەچۈرۈم قىلىش قانۇنى»غا (Foreign Sovereign Immunities Act)، ئادۋوكاتلار قوشۇنىغا، ئادەتتىكى كىشىلەر بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى يۇقىرى دەۋالىشىش ھەققىگە، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، ھېچكىم تېگىشكە پېتىنالمەيدىغان «ئىگىدارلىق ھوقۇقى»غا ۋە يالغان ھېساب ئويدۇرۇپ چىقىرىدىغان ناچار ئادەتكە تايانغان ئۆرۈش، يەنى «قانۇن ئۆرۈشى»دۇر. خىتاي كارخانىلىرى مۇشۇ نەرسىلەرنى «قالقان» قىلىپ، ئەرز قىلىنىشتىن ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

ئادەتتە، خىتاي شىركەتلىرى بۇ خىل ئەرز ـ شىكايەتلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئەڭ ئالدى بىلەن «چەتئەل ئىگىلىك ھوقۇقى كەچۈرۈم قىلىش قانۇنى» ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. دەرۋەقە، «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك

شىركىتى»نىڭ ئادۋوكاتلىرىمۇ مەزكۇر شىركەتنىڭ خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ئىكەنلىكىنى، شۇ ۋەجىدىن ئامېرىكادا سوتقا تارتىلماسلىق ئىمتىيازىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشقان.

«تاك ئېنېرگىيە گۇرۇھى»نىڭ ئادۋوكاتلىرىمۇ خىتاي تەرەپنىڭ مۇشۇنداق تاكتىكا ئىشلىتىدىغانلىقىنى پەملىگەچكە، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ، دېلونىڭ خاراكتېرىنى «سودا كېلىشىمى ماجىراسى» دەپ بېكىتكەن. دېگەندەك، (ئىككى شىركەت ئارىسىدىكى) توختامدىمۇ بۇ بىر «سودا كېلىشىمى» دېيىلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن، مەبلەغ سالغۇچىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دېلو «سودا كېلىشىمى»نىڭ سوتلاش تەرتىپى بويىچە مېڭىشى كېرەك ئىدى.

جەنۇبىيىنىڭ — گەرچە ئۇ ئادۋوكات بولمىسىمۇ — دېيىشىچە، خىتايدا تىجارەت قىلغان ئامېرىكا شىركەتلىرى ھەرقانداق تىجارەت توختامىنى «سودا كېلىشىمى» دەپ بېكىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قوغدىيالايدىكەن. دەسلەپتىلا شۇنداق قىلغاندا ۋاقىت ۋە پۇلنى تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن. لېكىن، ئاشۇ ئىبارە بولمىغان تەقدىردىمۇ، بىر دېلونى «سودا كېلىشىمى ماجىراسى» سۈپىتىدە سوتقا ئەرز قىلىش (خىتاي شىركەتلىرىنىڭ) «سوتقا تارتىلماسلىق ئىمتىيازى»نى بىكار قىلىدىغان ئۇنۇملۇك چارىدۇر. «بۇ ئارقىلىق سىز بىۋاستە سوتچىغا، زاستاتىپلار ئۆمىكىگە، ياكى كىسىم كومىتېتىغا <بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى، تامامەن تىجارەت خاراكتېرلىك كېلىشىمدۇر. سوتچىلار، كىسىمچىلەر، سىلەر بۇنىڭ ھەققەتەن سودا كېلىشىمى ئىكەنلىكىنى بايقىشىڭلار كېرەك> دېيەلەيسىز. ئامېرىكا قانۇنىنىڭ (ئاتالمىش) ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى، مەزكۇر تۈزۈلمە كۆپىنچە ھاللاردا توغرا جاۋابنى تېپىپ چىقالايدۇ» دېدى جەنۇبىيىن.

لېكىن، خىتاي بۇ خىل «قانۇن ئۇرۇشى» قوزغاش ئارقىلىق ۋاقىتنى سوزۇپ، (ئامېرىكانىڭ) ئەدلىيە تارماقلىرىنى «توغرا جاۋاب»نى تاپالماس قىلىپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان. خىتاي كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىگە خىتاي ھۆكۈمىتى مەبلەغ سالغان بولۇپ، ئۇلار دۆلەت خەزىنىسىگە تايانغان ھالدا، ئەرز - نارازىلىق ئەرزى سۇنۇش، سوتتىن ھۆججەت تەلەپ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ۋاقىتنى سوزۇپ، سوتنىڭ خىزمەت سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، رەقىبىنى خورىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. يەنى «رەقىبىنى دەۋالىشىش ھەققىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن، دەۋالىشىشتىن ۋاز كېچىشكە قىستاش» خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئاساسلىق تاكتىكىسىدۇر.

جەنۇبىيىن ۋە «تاك ئېنېرگىيە گۇرۇھى» گەرچە دەسلەپتە داۋادا ئۇتۇپ، 70 مىليون دوللار تۆلەمگە ئېرىشىدىغان بولغان بولسىمۇ، لېكىن «خىتاي ئاۋئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ ئادۋوكاتلىرى دېلاۋېير شتاتى بىلەن كالىفورنىيە شتاتىدا جەنۇبىيىنگە قارشى داۋا ئېچىپ، ھەربىرىدە 70 مىليون دوللار تۆلەم تەلەپ قىلغان.

«ئۇلار نورمىدىن ئارتۇق ئەرزلەر ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ» دەيدۇ جەنۇۋېين.

ھېلىمۇ ياخشى، بەزى مەبلەغ سالغۇچىلار «قولغا كەلگۈسى تۆلەم پۇلىنى تېگىشلىك نىسبەتتە بۆلۈشۈش» شەرتى ئاستىدا، «تاك ئېنېرگىيە گۇرۇھى»نى (دەۋالىشىش ھەققىگە كېرەكلىك) مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن ۋە جەنۇۋېين شۇ ئارقىلىق ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىققا ئىگە رەقىبى بىلەن پۇت تېپىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

جەنۇۋېينغا كۆرە، خىتاي شىركەتلىرىنىڭ «قانۇن ئۇرۇشى» قىلىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ پارتىيە سىياسىتىگە ئالاقىدار باشقا ئامىللارمۇ بار. لېكىن، خىتاي كومپارتىيەسى كاتتىباشلىرىنىڭ غەرىزىنى ۋە قارارىنى ئېنىق بىلىش بەسىي مۇشكۇلدۇر.

«خىتاي ياكى خىتاي كومپارتىيەسى نوقۇل كاپىتالنى نەزەردە تۇتقان ھالدا قارار چىقارماستىن، سىياسىي ئاقىۋەتنى نەزەردە تۇتقان ھالدا مۇئەييەن قارارلارنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسىي نەتىجە ئۇلار ئۈچۈن دەۋالىشىش ھەققىدىنمۇ مۇھىمدۇر. ئۇلار ئۆزلىرى قوغدىماقچى بولغانلارنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى قوغداپ قالالىسا ياكى ئۆزى ۋەيران قىلماقچى بولغانلارنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلالىسىلا، قانچىلىك پۇل كېتىشىدىن ۋايىم يەپ يۈرمەيدۇ» دەيدۇ جەنۇۋېين.

بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەدلىيە دېلولىرى (خىتاي ئۈچۈن) نوقۇل قانۇن ئۇرۇشىلا بولماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بېيجىڭنىڭ ھوقۇق كۈرىشىنىڭ داۋامى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ دېلولارنىڭ نەتىجىسى بەزىلەر ئۈچۈن «تۆھپە» بولسا، يەنە بەزىلەر ئۈچۈن تەنقىدنىڭ مەنبەسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇۋېين سوتتا يەنە بىر قىممەتلىك ئىستراتېگىيەلىك غەلىبىگە ئېرىشتى. «بىز، يەنى بىزنىڭ ئادۋوكاتلىرىمىز <قانۇنەن ئۆزىنى پارچىلاش نەزەرىيەسى>نى قورال قىلىپ، خىتاي كارخانىلىرىنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلىدى» دەيدۇ ئۇ. «قانۇنەن ئۆزىنى پارچىلاش نەزەرىيەسى» دېگىنىمىز كارخانا ياكى شەخسلەرنىڭ يەنە بىر شىركەت قۇرۇپ، ئۇنى ئۆزى، يەنى پائالىيەتنى تىزگىنلىگۈچى شىركەت ياكى شەخس ئۈچۈن قانۇنىي قالقان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. «تاك ئېنېرگىيە گۇرۇھى»نىڭ ئادۋوكاتلىرى سوتتا: «مەزكۇر بالا شىركەتنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرى ئەمەلىيەتتە ئانا شىركەت ـــ خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر، شۇنداقلا خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ بىزگە نىسبەتەن قانۇنىي مەسئۇلىيىتى بار بولغاچقا، بىز (تۇختامنى تۇختىتىۋېتىش، مال ـ مۈلۈكلىرىمىزنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىش تۇغرىسىدىكى) ئىككى بۇيرۇقنى بىۋاستە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن كەلگەن، دەپ قارايمىز» دېگەن. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش «خىتاي

ئاۋئاتسىيە سانائىتى گورۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ «بىزنىڭ <تاڭ ئېنېرگىيە گورۇھى>نىڭ زىيىنى بىلەن ئالاقىمىز يوق، شۇڭا قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتىمىزمۇ يوق» دېگەن باھانىسىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

لېكىن، «تاڭ ئېنېرگىيە گورۇھى» ئىسپات ۋە ئۇلارنى كۆرسىتىش جەھەتتە زىيان تارتقان. چۈنكى، خىتاينىڭ قانۇن سىستېمىلىرىغا كىرىش، شۇنداقلا «خىتاي ئاۋئاتسىيە سانائىتى گورۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ ئىچكى خىزمەت ئەھۋالى ۋە ھۆججەتلىرىگە (شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىگە ساداقەت بىلدۈرىدىغان ئادۋوكاتلارغا) ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، «تاڭ ئېنېرگىيە گورۇھى» «خىتاي ئاۋئاتسىيە سانائىتى گورۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ قايسى خىل ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشى كېرەكلىكىنىمۇ تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويالمىغان. خىتاي ئۆزىنىڭ مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە تۈزۈلمىسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارىلاشتۇرۇپ، كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلمىغۇچە، خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچى بولغان ھەرقانداق شىركەت («تاڭ ئېنېرگىيە گورۇھى» دۇچ كەلگەنگە ئوخشاش) مۇشۇ خىل قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. لېكىن، «تاڭ ئېنېرگىيە گورۇھى»نىڭ بۇ دېلودا ئۇتۇپ چىقىش ئېھتىماللىقى خېلىلا يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئالىلقاچان كېسىم سوتىدا ۋە فېدېرال سوتتا ئۇتۇپ چىققان.

«ئۇلار تاكى ئالىي سوتقىچە ئەرز قىلماقچى. ئۇلار ئاخىرىدا يېڭىلگەندە، يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ، چۈنكى بۇ يەردە ھۆكۈم قىلىۋاتقىنى بىزنىڭ (ئامېرىكانىڭ) قانۇنىمىزدۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ <يەر بىلەن يەكسان بولۇشى> قانداقراق بولار؟ بىز ھازىرغىچە ئۇلاردىن بىر سېنتمۇ تۆلەم ئالالمىدۇق. ھېچكىمنىڭ بۇ تۆلەمنى تۆلىگۈسى يوق. چۈنكى، بۇ (يەنى چەتئەل شىركىتىگە تۆلەم تۆلەپ بېرىش) ئۇلارنىڭ (شۇ تۆلەمنى تەستىقلىغۇچى خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ) سىياسىي ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قىلىشقا تېگىشلىك، شۇنداقلا نۆۋەتتە قىلىۋاتقان ئىش ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى توڭلىتىشتۇر» دەيدۇ جەنۋېين.

## خىلمۇخىل تېخنىكا ئوغرىلاش ئۇسۇللىرى

بىز بۇ يەرگە كەلگەندە، خىتاينىڭ تېخنىكا ئوغرىلاش ۋە تەتقىق قىلىش ۋاستىلىرىگە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كارخانىلارنى مەجبۇرىي ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ۋە قانۇن ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئىنتايىن نومۇسسىز ئىككى تۈرنى قوشۇپ قويساق بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي زېرىكمەستىن ئىشلىتىدىغان تېخنىكا ئوغرىلاش ئۇسۇللىرىدىن يەنە «چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ

بېرىشىنى خىتاي بازىرىغا كىرىشىدىكى شەرت قىلىش»، مەن ئالدىنقى بابلاردا قەيت قىلغاندەك «تور ئارقىلىق كوللېكتىپ ھۆجۇم قوزغاش»، «تەتقىقات خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپلەرگە، تەتقىقات تەجرىبىخانىلىرىغا ۋە كارخانىلارغا خىتاي (جاسۇس)لارنى ئورۇنلاشتۇرۇش» قاتارلىقلار بار. لېكىن، خىتاي ھۆكۈمىتى. ئويلاپ چىقالايدىغان تېخنىكا. ئوغرىلاش ئۇسۇللىرى ھەرگىز يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى رەسمىي قانالاردىن بىرى يېقىنقى 65 تىن تۆۋەن چەتئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى نۇرغۇن پۇل ئارقىلىق جەلب قىلىدىغان «مىڭ ئىختىساس ئىگىسى پروگراممىسى»دۇر (Thousand Talents program). مەزكۇر پروگراممىنىڭ ئورگان تور بېتىدە: «چەتئەللىك مۇتەخەسسىسلەر خىتايغا كىرىپ - چىقىش، تۇرالغۇ، داۋالىنىش، سۇغۇرتا، ئۆي سېتىۋېلىش، باج قاتارلىق جەھەتلەردە، يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلب قىلىش پروگراممىسىدىكى ئالاھىدە سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولالايدۇ» دېيىلگەن. مەزكۇر پروگراممىدا چەتئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۈزدا ئۈچ يىل، يىلدا توققۇز ئاي خىتايدا خىزمەت قىلسا، ئاندىن مەزكۇر «ئىمتىياز»لاردىن بەھرىمەن بولالايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. خىتاي كومپارتىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان ئىختىساسلىقلار بەھرىمەن بولىدىغان «ئىمتىيازلار» يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەستىن، «بۇ پروگراممىغا قوبۇل قىلىنغان ھەربىر ئىختىساس ئىگىسىگە بىر مىليون يۈەن تەتقىقات تولۇقلىمىسى بېرىلىدۇ. مەسئۇل ئورگانلار تەستىقلىغاندىن كېيىن، تەتقىقات تولۇقلىمىسىنىڭ سوممىسى ئۈچ مىليون يۈەندىن بەش مىليون يۈەنگىچە ئۆستۈرۈلىدۇ. مۇكاپاتلىنىدىغان ساھەلەر يەن تەتقىقاتىنى، بولۇپمۇ ئاساسىي پەن تەتقىقاتىنى مەركەز قىلىدۇ».

ئەگەر غەربلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كەسپىي ساھەسى دەل خىتاي كۆز تىكىۋاتقان ساھە بولسا، ئۇ چاغدا خىتاي ھەرگىز پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ. مەسىلەن، ئەسلىدە «ئامېرىكا ئېلېكترىك شىركىتى»دە (General Electric Company) رېئاكتىپ موتور ياساشقا مەسئۇل بولغان بىر ئىنژېنېر بۇ شەرتكە دەل ئۇيغۇن كېلەتتى. چۈنكى، ئىلغار، ئاۋازدىن تېز رېئاكتىپ ئايروپىلاننىڭ موتورىنى ياساش ئايغا چىقىشتىنمۇ قىيىن بولغاچقا، بۇ ئىنژېنېر پېنسىيەگە چىقىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، «خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» بىلەن مۇناسىۋىتى بار بىر شىركەت ئۇنى ئەسلىدىكى مائاشىنىڭ ئون ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىغان مائاش بىلەن تەكلىپ قىلغان. لېكىن، ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىدە خىزمەت قىلىشنى تاللىغان.

بەزىدە خىتاي بىۋاسىتە ئاشۇ تېخنىكىغا ئىگە شىركەتنى ئىزدەپ، توختام تۈزۈش تەكلىپىنى بېرىدۇ. خىتاي ئارمىيەسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار قورال - ياراغ شىركەتلىرى يادرو ئوقبېشى سەپلىگىلى بولىدىغان قىتئەلەرئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەتقىقاتىدا دەل مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى

www.uyghurkitap.com

قولللانغان. ئۇلار «ئامىباب ئېلېكترىك شىركىتى»نىڭ قارمىقىدىكى خيۇگس ئېلېكترون شىركىتى (Hughes Electronics Corporation) ۋە بوئىڭ سۈنئىي ھەمراھ سىستېمىسى شىركىتى (Boeing Satellite Systems) بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلار بىلەن توختام تۈزۈشكەن. مەزكۇر شىركەتلەر خىتاينى سۈنئىي ھەمراھ ۋە راكېتا قويۇپ بېرىشتە زۆرۈر بولغان قىتئەلەرئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىسى بىلەن، شۇنداقلا ئامېرىكا تۇپرىقىغا قورال ئورۇنلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىگەن.

سىز بەلكىم ھەرقانچە كۆپ پۇل بەرگەن تەقدىردىمۇ دۈشمەنىنىڭ قورالىنى ئۆز تۇپرىقىغا ئورۇنلاشتۇرىدىغان بۇنداق قىلمىشنى يوللۇقلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، بەزى ئامېرىكا شىركەتلىرى پايدىغا، بازار ئۇلۇشىگە دۇم چۈشكەن بولغاچقا، (ئۆز دۆلىتىنىڭ دۈشمىنىنى ھەربىي تېخنىكا بىلەن تەمىنلىمەسلىكتىن ئىبارەت) بۇ ئەقەللىي ساۋاتلارنى ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋېتىشكەن. نۇرغۇن شىركەتلەر مۇشۇ خىل بۇزغۇنچى خىتاي شىركەتلىرى ۋە زور پايدا چىقىدىغان توختاملارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بەس ـ بەستە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ گۇماشتىلىرىغا ئايلىنىپ، ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى تەھدىتكە ئۇچراتقان.

كېيىنچە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى خيۇگس ئېلېكترون شىركىتى ۋە بوئىڭ سۈنئىي ھەمراھ سىستېمىسى شىركىتىگە قارىتا تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنى سانلىق مەلۇماتلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 123 تۈردە ئېكسپورت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن ئەيىبلىگەن ۋە نەتىجىدە بۇ ئىككى شىركەتنىڭ ھەربىرىگە 32 مىليون دوللار جەرىمانە قويۇلغان. خيۇگس شىركىتى ئۆزىنىڭ «ئەسلىدە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىجازەتنامىنى ئالمىغان»لىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

# توققۇزىنچى باب:
# ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق دۇنياغا خوجا بولۇش

ئۆل مۇئەسسەسەلەر بىر جەمئىيەتنىڭ نورمال ئايلىنىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساستۇر. خىتاي تاشيول، تۆمۈر يول، ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە تېلېگراف سۇپىلىرىنى ياساشتىن ئىبارەت ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىدىن، بولغۇسى ئىتتىپاقداشلىرى، شۇنداقلا رەقىبلىرى ئۈستىدە نوپۇزغا ئىگە بولۇشتىكى ئاددىي، «زىيانسىز»، ئەمما كۈچلۈك قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىۋاتىدۇ. «ئۆل مۇئەسسەسە» دېگەن سۆزدىكى «ئۆل» سۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان بۇ ئاساسىي تەركىبلەرنى كۆپىنچە هاللاردا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى هېس قىلغىلى بولمايدىغان بولغاچقا، بۇلار ئاسانلا دىققەت قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئادەتتىكى نەرسىلەردەك تۇيۇلۇپ قالىدۇ. ئاددىي پۇقرالار گاز تۇرۇبىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، تاشيول ياكى ئەۋرەز يولى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان خىراجەت ياكى بۇنىڭ مۇهىملىقى، ۋەياكى دېڭىز قاتنىشىنى كىمنىڭ كونترول قىلىشى ياكى يىراق جايلاردا بىرەر پورتقا ئىگە بولۇشنىڭ ئەهمىيىتى قاتارلىقلار هەققىدە كاللا قاتۇرۇپ يۈرمەيدۇ. لېكىن، مەزكۇر سىستېمىلار بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇهىم. بۇ سىستېمىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ياكى قىسمەن ۋەيران بولۇشى دەرهال ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

خىتاي ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچى ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئېكسپورت قىلىدىغان ماللىرىنى توشۇشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن، چوڭ تىپتىكى، پەۋقۇلئاددە چوڭ تىپتىكى پورتلارنى ياساۋاتىدۇ. شۇنداقلا (ئالدىمىزدا بايان قىلىنىدىغىنىدەك)، خىتاي يەنە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى غىدىقلاش ئۈچۈن، غەرب دۆلەتلىرى خىتايغا سالغان غايەت زور مەبلەغلەردىن پايدىلىنىپ، تەننەرخى نەچچە مىليارد دوللارغا يېتىدىغان «ئادىمزاتسىز شەهەر»لەرنى بەرپا قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چەتئەل سىياسىتىدىكى ئەڭ ئاغدۇرمىچى تاكتىكىلىرىنىڭ بىرىدۇر. دەرۋەقە، ختاينىڭ ئىقتىساد جەھەتتە قىيىن ئەھۋالدا قالغان دۆلەتلەر ئۇچۇن، تاشيول، تۆمۈريول، پورت، ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە تېلېگراف سىستېمىسى يا.سا.پ بېرىشى. ئۇلارنى. مەزكۇر ياردەمدىن «مەنپەئەتلەنگۈچى» دۆلەتكىلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىش ۋە تىزگىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى، ترانسپورت ماللارنىڭ چېگرادىن كىرىپ ـ چىقىشىنى تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ختاينىڭ ئۇل مۇئەسسەسە ئۈرۈشى بەلكىم ئۇنىڭ «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»لىرى ئارىسىدىكى ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ زىيانلىقى بولۇشى مۇمكىن. گەرچە ختاي كومپارتىيەسى ھەردائىم بۇنى «ئىككىلا تەرەپ تەڭ مەنپەئەتلىنىدىغان» ھەمكارلىق دەپ پەردازلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاداققى مۇددىئاسى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى يەمچۈك قىلىپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپنى ئىندەككە كەلتۈرگەندىن كېيىنلا ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاشتۇر. يەنى ختاي ئالدى بىلەن قارشى تەرەپكە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى جەھەتتە ياردەم بېرىدۇ، ئەمما بۇ سىستېمىلارنىڭ تولۇق كونتروللۇق ھوقۇقىنى ھەرگىز تەلتۆكۈس تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، ئەكسىچە بۇلارنىڭ تىزگىنى بېيجىڭنىڭ قولىدا قالىدۇ.

## ختايدىكى «ئادەمسىز شەھەر»لەر

2017 ـ يىلى ئامېرىكادىكى ئەڭ سەرخىل ترانسپورت مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىرى، پېنسىلۋانىيەدىكى موران ترانسپورت گۇرۇھىنىڭ (Moran Logistics) باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى جون موران (John Moran) نيۇيوركقا بېرىپ، ياۋروپادىكى مەلۇم بىر چوڭ تىپتىكى بىناكارلىق گۇرۇھىنىڭ خوجايىنى بىلەن تاماق يېگەن. مەزكۇر شىركەتنىڭ خوجايىنى 400 مىليون دوللار قىممىتىدىكى تەرەققىيات تۈرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن نيۇيوركقا كەلگەنىدى. ئۇلار بىلەن بىللە غىزالانغانلاردىن يەنە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بانكىنىڭ ئۆي ـ مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورىمۇ بار ئىدى.

موران بىلەن بانكا دىرېكتورى تېزلا ئىچەكىشىپ كەتكەن، ھەتتا ئۆتمۈشتە قوشنا بولۇپ باققانلىقىنى، نۇرغۇن ئورتاق دوستلىرى بارلىقىنى بايقاشقان. بۇ يېڭى دوستىنىڭ ياش تۇرۇپلا كەسپتە شۇنچە زور ئۇتۇق قازانغانلىقىغا مەستلىكى كەلگەن موران ئۇنىڭدىن: «مەن شۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقىمەن، سىزدەك يۇقىرى ئورۇندىكىلەرنىڭمۇ ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلىرى بارمۇ؟» دەپ سورىغان.

ياش بانكىر ئىككىلەنمەستىنلا: «شۇنداق، بىرسى بار» دەپ جاۋاب بەرگەن.

«نېمە ئۇ؟»

«خىتاي!»

«نېمىشقا؟»

«بىزنىڭ بانكىمىز، شۇنداقلا غەربتىكى باشقا چوڭ بانكىلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ئۆي ـ مۈلۈك ساھەسىگە نەچچە يۈز مىلياردلاپ مەبلەغ سېلىۋەتتى، ئەمما بىز بۇ پۇللارنى قانداق قايتۇرۇپ كېلىشنى بىلمەيمىز. مەن ھەرئايدا خىتايغا ئون كۈنلۈك كاماندىروپكىغا چىقىمەن. ھەرقېتىم (خىتايدىن) قايتىپ كەلگەندە، بېسىمىم ئالدىنقى ئايدىكىدىن كۈچىيىپ كېتىدۇ».

مورانمۇ خىتاينىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بېرىپ باققان. ئۇنىڭ شىركىتى خەلقئارا ترانسپورت ساھەسىنىڭ سەركىسى بولۇپ، دۆلەت ھالقىغان نۇرغۇن شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلىقى بار ئىدى. موران ئۆزىنى تىجارەت ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا راۋۇرۇس ئېپىم بار، دەپ ئويلايتتى. ئەمما، ئۇمۇ ياش بانكىر بىلەن بولغان شۇ قېتىملىق سۆھبەتتە «كۆزى ئېچىلىپ» قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىغان.

موران 2008 ـ يىلى باشلانغان پۇل مۇئامىلە كرىزىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يارده مەبلىغى ئاجرىتىش لايىھەسىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا شۇنداق دەيدۇ: «ئادەتتىكى ئامېرىكالىقلار ھەرئايدا سەككىز مىليارد دوللارلىق مىقدارلاشتۇرۇپ بوشىتىش مەبلىغى ئامېرىكا ئىقتىسادىغا كىرىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما، بۇ پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى غەرب دۆلەتلىرىدىكى بانكىلارغا كىرىدۇ. ئاندىن مەزكۇر بانكىلار بۇ پۇللارنى خىتاينىڭ ھەرقايسى بانكىلىرىغا قەرز بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى خىتاي بانكىلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق خىتايدىكى خۇسۇسىي كارخانىلارغا قەرز بېرىلىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنىڭغا تايىنىپ زور مىقداردا قۇرۇلۇشلارنى سالالايدۇ».

موران يەنە: «1950 ـ يىللىرى ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىي جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورتتا تايانمايدىغان ھالەتكە كەلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭمۇ تامامەن مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدە بەرپا قىلىش ئارزۇسى بار. خىتاي ھۆكۈمىتى تامامەن ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان، بىكىك ئىقتىسادىي گەۋدە بەرپا قىلىشنى پىلانلىماقتا» دەيدۇ.

مورانغا كۆرە، خىتاي مەزكۇر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، نۇرغۇن يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇنداق شەھەرلەرنىڭ سانى 120 گە يېتىدىكەن. «بۇ شەھەرلەرنىڭ كۆلىمىنىڭ فىلادېلفىيانىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، نۇرغۇنلىرىنىڭ نيۇيوركتىنمۇ چوڭ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. بۇ ئادەمنى چۆچۈتىدۇ» دەيدۇ موران. بۇ خىل شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ قانچىلىك شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن يەنە بىر مىسالغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

قاراپ باقايلى، 2012 ـ يىلىدىن 2014 ـ يىلىغىچە، خىتايدا ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە قوللىنىلغان بېتوننىڭ مىقدارى ئامېرىكادا 1900 ـ يىلىدىن 2014 ـ يىلىغىچە بولغان يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەن بېتوننىڭ ئومۇمىي مىقدارىدىنمۇ كۆپ. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي خەلقئارالىق بازاردىن مەبلەغ توپلىغان ۋە ۋال كوچىسى بۇ دولقۇنغا باشلامچىلىق قىلغان. نەتىجىدە، (دۇنيا مىقياسىدا) قۇرۇلۇشچىلىق قىزغىنلىقى قوزغالغان. 2018 ـ يىلى موران خىتايغا بېرىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىلەردىن ھاڭ ـ تاڭ قالغان. يۇقىرىدا بايان قىلىغىنىمىزدەك، ياش بانكىر «قايتۇرۇپ كېلەلمەسلىكتىن قورقىدىغان» نەچچە يۈز مىليارد دوللار پۇل ئىچىدە ھېچكىم يوق ئاسمان ـ پەلەك بىنالار، تۇرالغۇ بىنالىرى ۋە زاۋۇت ھالىتىدە مورانىنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىرلانغان.

«ئادەمزاتسىز ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمىنىڭ زورلۇقى كىشىنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇراتتى. ماشىنا ھەيدىگەچ داللارنى ئايلانسىڭىز، كۆزىڭىزگە فىلادېلفىيادىنمۇ چوڭ شەھەرلەر كۆرۈنىدۇ. كەچ كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ شەھەرلەردە بىرمۇ چىراغ يورۇتۇلمىغان، چۈنكى شەھەردە ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق. باشقىلار بۇ شەھەرلەرنى <ئالۋاستى شەھەر> دېيىشىدۇ، لېكىن ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگىنىڭىزدە، راستلا كۆزلىرىڭىزگە ئىشىنەلمەي قالىسىز» دەيدۇ موران.

مورانىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كۆرگەن بەزى «ئادەمزاتسىز شەھەر»لەر ھېلىھەم كېڭەيتىلىۋاتقان بولۇپ، قارىغانلىكى يەردە ئېگىز بىنالارنى سېلىشتا ئىشلىتىلىۋاتقان كىرانلارنى كۆرگىلى بولاتتى. «مەن مېنى كۈتۈۋالغان ساھىبخاندىن <نېمىشقا بۇ قۇرۇلۇشلار توختىماي داۋاملىشىدۇ؟ بۇ 120 قەۋەتلىك بىناغا كۆچۈپ كىرىدىغان شىركەتلەر قەيەردە؟> دەپ سورىسام، ئۇلار جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمىدى، ئۇلار بۇ توغرىسىدا گەپ قىلىشنى خالىمايتتى» دەيدۇ ئۇ.

موران يەنە شېنجېن شەھىرىنىڭ غايەت زور ياسىمىچىلىق مەركىزىنىمۇ زىيارەت قىلغان. ئۇلار مورانغا ئىككى مىل كەڭلىكتىكى سۈنئىي كۆلنى كۆرسەتكەن. كۆلنىڭ ئەتراپى تامامەن چاسا شەكىلدە كېسىلگەن گرانت تاشلار بىلەن قورشالغان، شۇنداقلا بىرلا ۋاقىتتا ئون مىڭ ئادەمنى سىغدۇرالايدىغان، گرانت تاشتىن ياسالغان ئۈستى ئوچۇق تاماشىبىن سۇپىسى بار ئىدى. ئەتراپىدا يەنە LED چىراغلار، مۇزىكىلار قويۇلۇپ تۇرىدىغان ياڭراتقۇلار، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەنزىرىلەر ۋە كۆلنى چۆرىدىتىپ ياسالغان سىلكىنىشكە چىدامىلىق يۇگۇرۇش يولى بار ئىدى. بۇ تەرەققىياتلارغا ۋە كۆلنى چۆرىدەپ سېلىنغان 550 مىليون كۋادرات فۇتلۇق A دەرىجىلىك ئىشخانا رايونىغا تولىمۇ مەستلىكى كەلگەن موران يېنىدىكى ساھىبخاندىن نېمىگە قاراۋاتقانلىقىنى سورىغان.

قارشى تەرەپ: «بۇ بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى تېخنىكا بازىمىز، يەنى ئۆزىمىزنىڭ <كىرىمنىي جىلغىسى>دۇر» دېگەن.

ئەينى چاغدا ئۇ رايوننىڭ 95 پىرسەنتىدە ئادەم يوق ئىدى. لېكىن، موران بۇ يەردىكى سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، (ئاشۇ ئادەمزاتسىز) «پۈتۈن شەھەر ئەقلىي مۇلۇك ساھەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغانىكەن» دېگەن تەسىراتقا كەلگەن. ئەمما، مورانغا ساھىبخانلىق قىلغان كىشىنىڭ نەزىرىدە، بۇ يەردە دېيىلگۈاتقان «ئەقلىي مۇلۇك»لەرنىڭ نۇرغۇنى ئېنىقلا غەربتىن ئوغرىلانغان بولاتتى. بۇ شەھەرلەرنىڭ باشقىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى تەقلىد قىلىپ ياسايدىغان خىتاي زاۋۇتلىرىدىن ھېچ پەرقى يوق ئىدى. پەرقى بار دېيىلسە، باشقا زاۋۇتلاردا ئادەتتىكى تاۋارلارنىڭ ساختىسى ياسالسا، بۇ يەردە يۇقىرى تېخنىكىلىق، رەقەملىك مەھسۇلاتلار تەقلىد قىلىپ ياسىلاتتى.

غەربنىڭ نەچچە مىلياردلىغان مەبلىغىنى سەرپ قىلىپ بەرپا قىلىنغان مەزكۇر ئادەمزاتسىز شەھەرلەر قانداق ئاۋاتلاشتۇرۇلىدۇ ۋە قانداق تاپاۋەت قىلىدۇ؟ بىنالار ھېلىھەم قۇرۇق تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، شەھەرلەرنى ئىنسان ئولتۇرغۇدەك ھالغا ئەكېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ بىنا سېلىشنىڭ، تېخىمۇ كۆپ تاشيول، تېخىمۇ كۆپ ئېلېكتىر مۇئەسسەسەسى ۋە تۆرۈبا يوللىرىنى ياساشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

غەربتىكى مەبلەغ سالغۇچىلارغا «ھەربىر ئۆي 100 مىڭ دوللارغا سېتىلىدۇ» دېيىلگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ باقايلى. بۇ (خىتايدەك) پۇقرالىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 7500 دوللار دەپ مۆلچەرلىنىۋاتقان بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن يۇقىرى باھادۇر. خىتاي پۇقرالىرىنىڭ بۇ خىل ئاجىز سېتىۋېلىش كۈچىگە مىليونلىغان ــ بەزى مۆلچەرلەرگە كۆرە 64 مىليون ــ يۇرۇش ئۆيىنىڭ، شۇنداقلا نەچچە مىليارد كۋادرات فۇت ئىشخانا رايونىنىڭ ۋە زاۋۇتلارنىڭ قۇرۇق تۇرۇۋاتقانلىقى قوشۇلسا، ئەركىن بازار مۇھىتىدا، تەمىنات ـ ئېھتىياج ئارىسىدىكى بۇ قەدەر زور تەڭپۇڭسىزلىق ئۆي ـ مۈلۈك باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولۇشى كېرەك. (خىتايدىكى بۇ خىل چەكتىن ئاشۇرۇپ بىنا سېلىش ئەھۋالى زادى قانچىلىك ئېغىر؟ ئامېرىكادىكى ئەر ـ ئايال ۋە بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كىشىلەرنى خىتايدىكى قۇرۇق تۇرغان ئاشۇ 64 مىليون يۇرۇش ئۆيگە كۆچۈرسە، بۇ ئۆيلەر يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ). لېكىن، خىتايدا ئۆي باھاسىنى ھۆكۈمەت تىزگىنلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، باھا ھېلىھەم ئۆزگەرمەي تۇرماقتا. مورانىنىڭ قارىشىچە، نەچچە ئون مىليون يۇرۇش ئۆي سېتىلماي تۇرغاچقا، خۇسۇسىي ئۆي ـ مۈلۈك سودىگەرلىرى بۇ ئۆيلەرنى بانكىغا رەنىگە قويۇپ، ئۇلاردىن قەرز ئالىدۇ. ئاندىن خىتاي بانكىلىرى بۇ ئۆيلەر ئارقىلىق غەرب بانكىلىرىدىن قەرز ئالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، بۇ «ئادەمزاتسىز شەھەر»لەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىتايغا توختىماي مەبلەغ سالغان غەربلىكلەر ئەڭ ئاخىرىدا قاتتىق زىيانغا ئۇچرايدۇ. بەلكىم ئۇلار ھەربىر دوللاردا سەكسەن سېنت زىيان تارتىشى مۇمكىن، بۇ ئاجايىپ ئېغىر زىياندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

موراننىڭ قارىشىچە، بۇ غەربتىكى پېنسىيە فوندىغا ئوخشاش مەبلەغ سالغۇچى ئاپپاراتلار ئۈچۈن ئېچىنىشلىق ساۋاق، غەربنىڭ بانكا سىستېمىسى ئۈچۈن ئەجەللىك زەربە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، خىتاي تەرەپتە بولسا، ئۆي ـ مۈلۈك سودىگەرلىرى يەنىلا ئەسلى باھاسىدىن يىگىرمە پىرسەنت تۆۋەن باھادا ئاشۇ 64 مىليون يۇرۇش قۇرۇق ئۆينى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدۇ. بۇ ۋاقىتتا خىتاي ھۆكۈمىتى خۇسۇسىي ئۆي ـ مۈلۈك سودىگەرلىرىنىڭ ۋە خىتاي بانكىلىرىنىڭ بۇ ئۆيلەرنى ئەرزان باھادا سېتىشىغا يول قويسىلا، مىليونلىغان خىتاي خەلقى بۇ ئۆيلەرنى سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ ۋە «ئادىمىزاتسىز شەھەر»لەرنى ئاۋاتلاشتۇرىدۇ. يەنى خىتاي كومپارتىيەسى غەربنى زىيان تارتقۇزۇپ، مىليونلىغان خىتاي پۇقراسىنى ئۆيگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنداقتا، يېڭى كۆچۈپ كىرگەن ئۆيلەرگە نېمىلەر لازىم بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، توكلۇق ئۇچاق، دوخوپكا، توڭلاتقۇ، قاچا يۇيۇش ماشىنىسى، كىرئالغۇ، قۇرۇتۇش ماشىنىسى، چىراغ، ئۈستەل، ياغلاتقۇ، گىلەم، كىتاب ئىشكابى، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر ... دېگەندەك ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى لازىم بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ يېڭى شەكىللەنگەن جەمئىيەت يەنە دوختۇرخانا، مەكتەپ، سودا سارايى، زاۋۇت، ئىشخانا بىنالىرى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە موھتاج بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئائىلە بىنالىرىدىن ئىبارەت ئۇل مۇئەسسەسە بەرپا قىلىنسىلا ــــ گەرچە بۇ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ غايەت زور زىيىنى بەدىلىگە تا-ما-ملانغان بولسىمۇ ــــ خىتاينىڭ بۇ ئادىمىزاتسىز شەھەرلىرى موراننىڭ ئېيتقىنىدەك، بىردىنلا «خىتاينىڭ سانائىتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرىدىغان، ئۇلارنى <مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئىگە بولۇش>تىن ئىبارەت نىشانغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغان كاتالىزاتور»غا ئايلىنالايدۇ.

## ھاكىمۇتلەق تۈزۈلمىنى نۇسخىلاش

مەن بىر قېتىم ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىدا، ماككىنسېي شىركىتىدىكى (McKinsey & Company) چەتئەلگە ياردەم قىلىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسنىڭ لېكسىيەسىنى ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلىندىم. ماككىنسېي شىركىتى ئۆزىنىڭ ئورگان تور بېتىدە ئۆزىنى تەشكىلات ـ ئورگانلارنىڭ «زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشى»غا ياردەم بېرىدىغان شىركەت، دەپ تونۇشتۇرغان.

مەن ئورنۇمدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھېلىقى مۇتەخەسسىسنىڭ خىتاي ۋە ئافرىقاغا ئالاقىدار دوكلاتىنىڭ «شىر ۋە ئەجدىھالارنىڭ ئۇسسۇلى» دېگەن غەلىتە ماۋزۇسىغا كۆزۈم چۈشتى. مەن ماككىنسېي شىركىتى ھەققىدە ياخشى باھالارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ نادىر مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ

قىلىپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن، ۋاقتىنچە ئۇ ماۋزۇنىڭ ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، لېكسىيە سۆزلىگۈچىنىڭ دەسلەپكى قارىشىمنى ئۆزگەرتەلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم.

دەرۋەقە، ئۇ مېنىڭ كۆز قارىشىمنى — مەن كۈتمىگەن شەكىلدە — ئۆزگەرتتى.

مەزكۇر مۇتەخەسسىس سۆزىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە شەكلىدە باشلىدى: «ھېچقايسى دۆلەت مەيلى تىجارەت، مەبلەغ سېلىش، ياكى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى جەھەتلەردە بولسۇن، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا خىتايدەك كۆپ ئارىلاشمىدى، شۇنداقلا (ھېچقايسى دۆلەت) خىتاي ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلىگەندەك يۆلىمىدى. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، ئامېرىكانىڭمۇ ئافرىقا بىلەن ئەينى شەكىلدە ھەمكارلىشىش پۇرسىتى بار».

ئاندىن ئۇ خىتاينىڭ قانداق قىلىپ ئافرىقانىڭ ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي شېرىكىگە ئايلانغانلىقىنى تونۇشتۇردى. مەن ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى بايانلىرىنى، تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتنى ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ئاساس قىلغان ھاكىممۇتلەق دۆلەتكە ئايلاندۇرىدىغان «بەش باسقۇچلۇق پىلان» دەپ ئاتىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، ماككىنسى شىركىتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى «بىز ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئافرىقا بازىرىغا كىرىش، شۇنداقلا ‹ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ مەنپەئەتلىنىدىغان› دۆلەت قۇرۇلۇشى پۇرسىتىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىمىز» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ پەقەت بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

خىتاينىڭ تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەرنى تىزگىنلەشتىكى رەزىل مېتودىدىكى بىرىنچى قەدەم، مىنېرال ماددىلار، نېفىت ياكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئوخشاش، خىتاي موھتاج بولۇۋاتقان تەبىئىي بايلىقلارنى تېپىشتۇر. مەسىلەن، مەلۇم بىر دۆلەتتە مىنېرال ماددىلار مول بولسا، خىتاي شۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن كان ئېچىش توغرىسىدا سۆھبەتلىشىدۇ ۋە ئىككى تەرەپ كېلىشكەندىن كېيىن توختام تۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى قەدەم — كان قۇرۇش، شۇنداقلا كاننىڭ نورمال ئايلىنىشى ئۈچۈن توك - سۇ بار بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر.

ئۈچىنچى قەدەم — قېزىلغان كان مەھسۇلاتلىرىنى خىتايغا توشۇشتۇر. ئەنە شۇ چاغدا (يەنى قېزىلغان بايلىقلارنى يۆتكەپ كېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا) خىتاي ئاندىن تاشيول، تۆمۈريول، سودا پورتى ياساش دېگەندەك، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، مال تەمىناتىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، توك ۋە تېلېگراف سىستېمىسى كەم بولسا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، خىتاي يەنە مەزكۇر دۆلەتلەر بىلەن توختام تۈزۈشۈپ، بۇ ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە شۇ تەرىقىدە، سانائەتلەشكەن ئىقتىسادىي گەۋدىنىڭ «ئۇستىخىنى» دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى قەدەم ــ مۇتەخەسسىسنىڭ دوكلاتىنىڭ مېنى ھەيران قالدۇرغان جايلىرىدىن بىرى بولدى. بۇ مۇتەخەسسىسنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئافرىقادا ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئەمەس، بەلكى ياسىمچىلىققا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان. ئۇلار ئاياغچىلىق، توقۇمچىلىق دېگەندەك نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىدىغان، ئاشۇرما قىممىتى تۆۋەن ياسىمچىلىق ساھەلىرىگە زور مىقداردا مەبلەغ سالغان. بۇ ئىش، يەنى (ئەڭ چوڭ) ئەرزان ئەمگەك كۈچى بازىسى بولغان خىتاينىڭ (ئافرىقادا) تېخىمۇ ئەرزان ئەمگەك كۈچى بازىرى بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنۇشى كىشىگە مەسخىرىلىك تۇيۇلىدۇ. ھېچكىم بۇنداق قىلىشنىڭ سەلبىي تەسىرلىرىنى تىلغا ئالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ياسىمچىلىق ساھەسىنىڭ گۈللىنىشى بەشىنچى قەدەمگە، يەنى شەھەرلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. خىتاي شىركەتلىرى چوقۇم ئۆي سالىدۇ، چۈنكى خىتاي ئىشچىلارنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇشى كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتە، ئىشچىلار سىنىپى بۇ ۋاقىتتا يانفون دېگەندەك تاۋارلارنى سېتىۋالالايدىغان بولغاچقا، بۇنداق قىلىش ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھۆكۈمەتمۇ نازارەت كامېرالىرىنى ئورنىتىپ، باشقا ئىجتىمائىي نازارەت تېخنىكىلىرىنىمۇ قوللىنالايدۇ.

دوكلات مەلۇم بىر نۇقتىغا كەلگەندە، مەزكۇر مۇتەخەسسىس «ئافرىقادا ھازىر ئەللىك دوللارغا بىر يانفون سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقى»نى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئافرىقادىكى تېلېفون شىركەتلىرىنىڭ يۇمشاق دېتاللارنىمۇ يەرلىكلەشتۈرۈپ، قارا تەنلىكلەرنى يانفوندا رەسىمگە چۈشكەندە، تېخىمۇ چىرايلىق چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقى ھەققىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقاندا، مەن «پەرۋەردىگارىم! ئۇلار (يەنى خىتاي) بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ئاساس قىلغان ھاكىممۇتلەق تۈزۈمىنى ئافرىقاغا ئاپىرىش ئۈچۈن قىلغان» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

ئەنە شۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىدۇر: يۈز تونۇش تېخنىكىسى رەسىملەرگە تايىنىدۇ، رەسىم قانچە ياخشى تارتىلسا، خەلقنى نازارەت قىلىش شۇنچە ئاسانلىشىدۇ. يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ ھەممىسى تەل بولۇپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان دۆلەتتە يىلتىز تارتسا، خىتاي ئۆز دۆلىتىدە ئاللىقاچان ۋايىغا يەتكۈزگەن رەقەملىك ھاكىممۇتلەق تىزگىنلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئافرىقادىكى يەنە بىر دۆلەتنى ئۆزىگە ئوخشاش قىلىپ قۇرۇپ چىقالايدۇ. بۇ ئۇل مۇئەسسەسەلەر ھۆكۈمەتلەرنى، سۈنئىي ئەقىلگە تايىنىدىغان كۆزىتىش كامېرالىرى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى نازارەت قىلىش سىستېمىلىرى ئارقىلىق ئۆكتىچىلەرگە قارشى پاكىت توپلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. خىتاي ئەنە شۇ تەرىقىدە مۇكەممەل، ئۇچۇر ـ رەقەم تېخنىكىسىنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى مۇستەبىت رەھبەرلەرگە تاپشۇرۇپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي يەنە بۇ ئەسلىھەلەرگە قايتما ئىنكاس ئۇسكۈنىسى ئورنىتىپ، مەزكۇر (كۆزىتىش سىستېمىلىرىغا

تـوپلانـغان) ئۇچۇرلارنـىڭ ھەمـمىسـىنى خـتـايـغا يـولـلـىيالايـدۇ. بۇنـداق قـىلـىش خـتـايـنىڭ مەۋجۇت تېخنىكىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ سودا پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ شۇ دۆلەتكە بولغان نوپۇزىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ دېموكراتىيەگە قارشى ئىجتىمائىي كونتروللىنىڭ ئۈرنىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىستراتېگىيەدۇر. ئەگەر بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ دۆلەتنى راۋاجلاندۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاسىيە تەرەپلىرىنىلا كۆرگەندە، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرغىلى بولمايدۇ.

دوكلات ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەن مۇتەخەسسىستىن: «سىز (بۇ دوكلاتنى تەييارلاشتا) كىملەرنى زىيارەت قىلىپ باقتىڭىز؟» دەپ سورىدىم.

بۇ مۇتەخەسسىس ئۆز ئەترىتىدىكىلەرنىڭ خىتاي شىركەت خوجايىنلىرىنى ۋە (ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى) ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن يەنە ئۇنىڭدىن: «سىز يۇقىرىلار بىلەن سۆزلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدىم، مەن بۇ يەردە ئىشچىلار، ئۆكتىچى رەھبەرلەر، ئوقۇتقۇچىلار، دىنىي زاتلار قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتقاندىم.

«بىر قانچە قېتىم تاكسى شوپۇرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ باقتىم» دېدى ئۇ.

دېمەك، ئۇ ئۆز تەتقىقاتىدا خىتاينىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ، تىجارەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنىلا كۆزىتىپ، كىشىلىك ھوقۇق، پىكىر ئەركىنلىكى، دىنىي ئەركىنلىك، دېموكراتىيە قاتارلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە دىققەت قىلمىغانىدى. (خىتاي قايتىدىن قۇرۇپ چىققۇاتقان دۆلەتلەردىكى) يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خىتايدىن شېرىنكانە ئېلىشى سەۋەبلىك، ئاز ساندىكىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىپ، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ زىيانغا ئۇچراۋاتقانلىقى ۋە مۇھىت بۇزغۇنچىلىقى قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ دوكلاتىدا تىلغا ئېلىنمىغانىدى. مەزكۇر تەتقىقات گۇرۇپپىسى خىتاينىڭ ئافرىقادىكى مەشغۇلات ئەندىزىسىنىلا تەتقىق قىلماقچى بولغان بولسا كېرەك، ئەمما ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ ئازراقمۇ چۈشەنمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ماككىنسى شىركىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان بىردىنبىر ئىش «2025 ـ يىلىغا بارغاندا، خىتاي كارخانىلىرىنىڭ ئافرىقىدىكى مەۋجۇت ۋە يېڭىدىن ئېچىلغان ساھەلەردە 440 مىليارد دوللار پايدىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقى» بولغان. يەنى بۇ تەتقىقات «دوللار»غىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، (خىتاي شۇ جايلارغا ئېلىپ كېلىدىغان خىرس، كىرىزىس قاتارلىق) باشقا نەرسىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى.

دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ نادىر ۋە ئەقىللىق كىشىلەر ئۆزلىرىمۇ تۇيمىغان ھالدا، 84 بەتلىك «سىنارىيە»دىن بىرنى يېزىپ، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئافرىقادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى خىتايچە ھاكىممۇتلۇق خاراكتېرگە ئىگە ھۆكۈمەتلەرگە ئايلاندۇرغانلىقىنى تەسۋىرلەپ چىققان. بۇنى كىشىلەرگە قانداق يول تېپىشنى، ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈشنى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆكتىچىلەرنى نازارەت قىلىشنى ئۆگىتىدىغان قوللانما دېيىشكە بولىدۇ. (ختاينىڭ مەزكۇر ئەندىزىسى داۋاملاشقان تەقدىردە) ئەڭ ئاخىرىدا بۇ دۆلەتلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىدىغان مۇستەبىت هۆكۈمدارلارنىڭ چاڭگىلىدا قالىدۇ ـ دە، پايدىنىڭ ھەممىسىنى ختاي ئالىدۇ. ئەمما بۇ ھۆكۈمدارلار ختاينىڭ ئۆزلىرى بىلەن تېخنىكىلارنى «ھەمبەھىر»لىشىپلا قالماي، يەنە ئۆز ئىدېئولوگىيەسىنى ۋە پۇقرالىرىنى بۇ دۆلەتلەرگە ئەكىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنى زور مىقداردىكى قەرز، يوشۇرۇن قاتتىق ـ سوقتى قىلىش، سانلىق مەلۇماتلارنى نازارەت قىلىش قاتارلىق تورزاقلارغا دەسسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتمىگەندەك قىلاتتى. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ختاينىڭ كەلگۈسىدە بۇ دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ دېگىنىگە كۆندۈرۈشتىكى قوراللىرى ئىدى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلغان

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئامېرىكا - ختاي ئالياسكا ئۇچرىشىشى



www.uyghurkitap.com

# ئامېرىكا ـ خىتاي دىپلوماتلىرىنىڭ ئالياسكا سۆھبىتى خاتىرىسى

(سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىت: 2021 ـ يىلى، 18 ـ مارت)

ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى بىلىنكېن: ياخشىمۇسىلەر، چۈشتىن كېيىنلىكىڭلار خەيرلىك بولغاي! مەن دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى سۇلىۋان ۋە ئۆزۈمگە ۋاكالىتەن ياڭ مۇدىر (يەنى خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ۋە ئىشخانا مۇدىرى، خىتاينىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ياڭ جيېچى، 杨洁篪) ۋە ۋاڭ كومىسسارىنىڭ (خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ۋە خىتاينىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى، خىتاينىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ۋاڭ يى، 王毅) ئالياسكاغا كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىمەن، ھەممىدە بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەنلىكىڭلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن ئەمدىلا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئاۋستىن (Austin) بىلەن بىرگە دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ يېقىن ئىككى ئىتتىپاقدىشى بولغان ياپونىيە ۋە كورىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ماقامداشلىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەلدىم. ئۇلار بۇگۈن ۋە ئەتە بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇزاكىرىلەرگە ئىنتايىن قىزىقىدۇ، چۈنكى بىز مۇزاكىرە قىلماقچى بولغان مەسىلىلەر نوقۇل خىتاي ۋە ئامېرىكا. ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى رايون (ئاسىيا - تىنچ ئوكيان)دىكى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۆلەتلەرگىمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھۆكۈمىتىمىز دىپلوماتىيەنى ئاساس قىلغان ھالدا ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى مۇستەھكەملەشكە كۈچ چىقىرىدۇ.

مەزكۇر سىستېما (يەنى مەن گېپىنى قىلىۋاتقان <خەلقئارالىق تەرتىپ) قانداقتۇر ئابستراكت نەرسە بولماستىن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىختىلاپىنى تىنچ ھەل قىلىشىغا، كۆپ تەرەپلىك تىرىشچانلىقلارنى ئۈنۈملۈك ماسلاشتۇرۇشىغا ۋە ھەممەيلەننىڭ ئوخشاش قائىدىگە ئەمەل قىلغان ھالدا يەرشارى سودىسىغا ئىشتىراك قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان سىستېمىدۇر. قائىدىگە ئاساسلانغان مەزكۇر دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگۈسى تەرتىپ بولسا «كۈچلۈكنىڭ دېگىنى دېگەن»، «غالىبلار ھەممىگە ئىگە» بولىدىغان تەرتىپ بولۇپ، بۇ خىل تەرتىپ ئاستىدىكى دۇنيا ھەممىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ زوراۋان ۋە مۇقىمسىز بولىدۇ.

بىز يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان، خوڭكوڭ، تەيۋەندىكى قىلمىشلىرى، ئامېرىكاغا قىلغان تور ھۇجۇمى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىمىزغا قاراتقان ئىقتىسادىي تەھدىتى قاتارلىق ھەرىكەتلىرىگە بولغان چوڭقۇر ئەندىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. يۇقىرىدىكى قىلمىشلارنىڭ ھەربىرى يەر شارىنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قائىدە ئاساسىدىكى تەرتىپكە تەھدىت سالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار نوقۇل خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرى ئەمەس، يەنە شۇ سەۋەبتىن بىز بۈگۈن بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەجبۇرىيىتىمىز بارلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز.

مەن «ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، رىقابەتلىشىشكە تېگىشلىك يەردە رىقابەتلىشىدۇ، ھەمكارلىشىشقا تېگىشلىك يەردە ھەمكارلىشىدۇ، قارشىلىشىشقا تېگىشلىك يەردە قارشىلىشىدۇ» دېدىم. مەنچە، بىزنىڭ بۇ يەردىكى، يەنى ئالياسكادىكى مۇزاكىرىلىرىمىز يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرىمىزنى، كۈنتەرتىپىمىزدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈشتۇر. بۇ يەرگە كەلگىنىڭلارغا رەھمەت.

مۇدىر ئەپەندى (ياڭ جيېچىنى دېمەكچى)، مەن سۆزنى سىزگە بېرىشتىن بۇرۇن، دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى سۇلىۋاننى بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلماقچى.

دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى سۇلىۋان: رەھمەت سىزگە، سېكرېتار ئەپەندى.

ياڭ مۇدىر ۋە ۋاڭ كومىسسارنى قارشى ئالىمىز. مەنچە، بىزنىڭ ئالياسكادا ئۇچرىشىشىمىز تولىمۇ مۇۋاپىق بولدى. چۈنكى، بۇ يەر ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن يىراق بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكانىڭ مەرد، ماسلىشىشچان، جەسۇرلۇقتەك خاراكتېرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇنداق جاي ئاز ئۇچرايدۇ.

سېكرېتار بىلىنكېن بىز بۈگۈن ۋە ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە سىلەر بىلەن مۇزاكىرىلىشىدىغان، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي تەھدىتتىن تارتىپ ھەممىباب قىممەت قاراشلارنى دەپسەندە قىلىشقىچە بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. بىز بۇنى ئوچۇق - ئاشكارا، بىۋاستە ۋە ئېنىق مۇزاكىرە قىلىمىز. بۇلار ئامېرىكا خەلقىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلەردۇر. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماستىن، بىز يېقىنقى ئىككى ئاي ئىچىدىكى سۆھبەتلىرىمىز جەريانىدا، ئىتتىپاقداشلىرىمىز ۋە شېرىكلىرىمىزدىن كەڭ خەلقئارا جەمئىيەتكىچە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكىلەردىن (خىتاينىڭ قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى) ئەندىشىلەرنى ئاڭلىدۇق.

بىز بۈگۈن شۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىمىزكى، ئامېرىكا ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى — بىزنىڭ دۇنيادىكى مېتودىمىز ۋە خىتايغا تۇتقان پوزىتسىيىمىزنىڭ ئامېرىكا خەلقىگە نەپ يەتكۈزۈشىگە ۋە

ئىتتىپاقداشلىرىمىز، شېرىكلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر. بىز توقۇنۇشنى خالىمايمىز، ئەمما كەسكىن رىقابەتنى قارشى ئالىمىز. بىز ھەر ۋاقىت پىرىنسىپلىرىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقىمىز ۋە دوستلىرىمىز ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقىمىز. بىز بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىمىزدىكى سائەتلەردە مۇزاكىرە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. رەھمەت سىلەرگە.

ياڭ جيېچى: دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى ئىككىمىز سېكرېتار بىلىنكېن ۋە سۇلىۋان ئەپەندىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بۇ ئىستراتېگىيىلىك سۆھبەتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ ئانكورىج شەھىرىگە كەلدۇق. بىز بۇ دىئالوگنىڭ سەمىمىي ۋە ئوچۇق - يورۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. خىتاي بىلەن ئامېرىكا بىردەك دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەردىندۇر، دۇنيا ۋە رايوننىڭ تىنچ، مۇقىم تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش جەھەتتىكى مۇھىم مەسئۇلىيەتلەر بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەنگەن.

بىز ۋە خەلقئارا جەمئىيەت ئەمەل قىلىۋاتقان تەرتىپ — ب د ت نى مەركەز قىلغان خەلقئارا سىستېما ۋە خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارالىق تەرتىپ بولۇپ، ئاز ساندىكى دۆلەتلەر تەرغىب قىلىۋاتقان ئاتالمىش «قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان» خەلقئارالىق تەرتىپ ئەمەس. ئامېرىكانىڭ ئامېرىكاچە دېموكراتىيەسى بولسا، خىتاينىڭ خىتايچە دېموكراتىيەسى بار. ئامېرىكانىڭ دېموكراتىيەسىگە، دۇنيا خەلقىمۇ باھا بېرىپ بېقىشى كېرەك. ئامېرىكانىڭ دېموكراتىيە جەھەتتىكى ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىغا باھا بېرىشتە، ئامېرىكانىڭ ئۆزىنىڭلا گېپى ھېساب بولمايدۇ.

بۇ دۇنيادىكى ئۇرۇشلارنى (خىتاي ئەمەس) باشقا بىر قىسىم كىشىلەر قوزغاپ، نۇرغۇن ئۆلۈم - يېتىمگە سەۋەب بولدى. ئەمما، خىتاي ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى، سىرتقا قارىتا تىنچلىق سىياستى يۈرگۈزۈشىنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەممىلا يەردە تاجاۋۇزچىلىق قىلماسلىقىنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتلىرىنى ئاغدۇرۇۋەتمەسلىكىنى، باشقا دۆلەت خەلقلىرىنى قىرغىن قىلماسلىقىنى ۋە شۇ ئارقىلىق دۇنيادا داۋالغۇش ۋە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا، بۇ قىلمىشلار تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكاغىمۇ پايدىسىزدۇر.

شۇڭا ئامېرىكا نۆۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش — ئۆزىنىڭ ئاتالمىش دېموكراتىيەسىنى تەرغىب قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆز ئوبرازىنى ئۆزگەرتىشتۇر. ھازىر ئامېرىكادىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئامېرىكانىڭ دېموكراتىيەسىگە ئىشەنچىسى يوق، ئۇلار ئامېرىكا ھۆكۈمىتى توغرىسىدىمۇ ھەرخىل كۆز قاراشلاردا بولماقتا. ئەمما، خىتايدا ئامېرىكالىقلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان راي سىناشنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا، خىتاي رەھبەرلىرى خىتاي خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشىغا ئېرىشكەن. شۇڭا خىتاينىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنى قارىلاش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ

ھېچقايسىسى كارغا كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، بۇ خىل رەزىل قىلمىش پەقەت ختاي خەلقىنى ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى بىز بېكىتكەن لىنىيەنى بويلاپ ئىلگىرىلىتىدۇ.

شۇڭا كىشىلەر سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى تەپەككۇرىدىن ۋە ھېچكىم پايدا ئالالمايدىغان مېتودلاردىن ۋاز كېچىشى، ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى، 21 ـ ئەسىردە چوڭ ياكى كىچىك بارلىق دۆلەتلەر، بولۇپمۇ چوڭ دۆلەتلەر بىر يەرگە كېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە تۆھپە قوشۇشى ۋە (شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغاندەك) «ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى»نى بەرپا قىلىشى كېرەك.

مەنچە رايون (ئاسىيا)دىكى بەزى مەسىلىلەرگە، ئامېرىكانىڭ ئۆزىنىڭ قورال كۈچىگە ياكى پۇل مۇئامىلە زومىگەرلىكىگە تايىنىپ، باشقا دۆلەتلەرنى يىراقتىن باشقۇرۇشى ۋە ئۇلارنى ئېزىشى، ئاتالمىش «دۆلەت بىخەتەرلىكى» ئۇقۇمىنى سۈيئىستېمال قىلىپ، نورمال سودا پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىشى، شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەرنى ختايغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈشى سەۋەب بولغان.

ختايغا كەلسەك، بىز ئىمپورت ـ ئېكسپورتقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى پەن ـ تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە بىر تەرەپ قىلدۇق. سىز يېقىندا زىيارەت قىلغان ياپونىيە ۋە كورىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ختاينىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى چوڭ سودا ھەمراھلىرىدۇر. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ھازىر ياۋروپا بىرلەشمىسى ۋە ئامېرىكادىن ئېشىپ، ختاينىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھىغا ئايلاندى (يەنى بىز سىلەر «تۆھمەت» قىلغاندەك، رايوندىكىلەر بىلەن زىددىيەتلەشمىدۇق، ئەكسىچە تولىمۇ «ئىجىل ـ ئىناق» ئۆتۈۋاتىمىز، ت).

ختاي چاغىنى ھارپىسىدا، رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن پرېزىدېنت جو بايدىن تېلېفوندا پاراڭلىشىپ، ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىختىلاپنى تىزگىنلەپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. بىز بۈگۈن ئىككى رەھبەر تېلېفون سۆھبىتىدە ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ سۆھبەتنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. بۇ يىغىننى ئېچىشمۇ ئەمەلىيەتتە ئىككى رەھبەرنىڭ قارارىدۇر. شۇڭا ئىككى دۆلەت ۋە دۇنيا خەلقى بۇ يىغىندىن ئەمەلىي نەتىجىلەرنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شىنجاڭ، شىزاڭ ۋە تەيۋەن بىردەك ختاي زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. بىز ئامېرىكانىڭ ختاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز. بىز بۇ خىل ئارىلىشىشقا قەتئىي قارشى تۇرىمىز (ياڭ جيېچى بۇ گەپنى ئىككى قېتىم تەكرارلىدى) ۋە بۇنىڭغا كەسكىن ئىنكاس قايتۇرىمىز.

كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە، بىز ئامېرىكانىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىپادىسىنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ختاي كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە سىجىل ئىلگىرىلىدى. مەنچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىبى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكادا نۇرغۇن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى مەۋجۇت، بۇنى ئۆزۈڭلارمۇ ئېتىراپ قىلىسىلەر. ئامېرىكادا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. قارا تەنلىكلەرنى قىرغىن قىلىش مەسىلىسى يېقىنقى تۆت يىلدا پەيدا بولۇپ قالغان مەسىلە بولماستىن، ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن مەسىلىدۇر. شۇڭا، مەنچە بىز ئىككى دۆلەت ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى بىلىپ، دۆلەت ئىچىدە ھەل قىلالمىغان ئىشلارنى خەلقئاراغا كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

بىز (ئامېرىكا بىلەن خىتاي) ئىلگىرىمۇ ترىكىشىپ باقتۇق، نەتىجىدە بۇنىڭ ئامېرىكاغىمۇ پايدىسى بولمىدىغۇ؟! ئامېرىكا بۇ ترىكىشىشتىن نېمىگە ئېرىشتى؟ مەنچە ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدى. ترىكىشىش ئامېرىكاغا ئېغىر زىياندىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمىدى. خىتاي بۇ خىل ترىكىشىشكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ (ئەمما، سىلەر بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر، ت).

شۇڭا بىزنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى مەيدانىمىز ـــ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئېيتقىنىدەك ـــ «توقۇنۇشماسلىق، تىركەشمەسلىك، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىش ۋە ئىككى تەرەپ تەڭ پايدا ئېلىش»تۇر. ئەمەلىيەتتە، پرېزىدېنت بايدېنمۇ تېلېفوندا شى رەئىسكە «توقۇنۇشماسلىق، تىركەشمەسلىك» دېگەن نۇقتىلارنى ئېيتقان. شۇڭا بىز ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ھاسىل قىلىنغان ئورتاق تونۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىتاي ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ساغلام ۋە مۇقىم تەرەققىيات يولىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك، رەھمەت.

(تەرجىمان ياڭ جيېچىنىڭ سۆزلىرىنى ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ياڭ جيېچى يەنە تۆۋەندىكىلەرنى قىستۇرما قىلدى)

تور ھوجۇمى توغرىسىدا شۇنى دېيەلەيمەنكى، مەيلى تور ھوجۇمى قوزغاش ئىقتىدارى ياكى شۇ ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە بولسۇن، ئامېرىكا بۇ ساھەدىكى چېمپىيوندۇر. سىلەر بۇ جەھەتتە باشقىلارنى ئەيىبلىسەڭلار بولمايدۇ.

ئامېرىكا خەلقئارا جامائەت پىكرىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. غەرب دۇنياسىمۇ خەلقئارا جامائەت پىكرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. مەيلى نوپۇس كۆلىمى ياكى دۇنيانىڭ يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، غەرب دۇنياسىنىڭ پىكرىنى دۇنيا جامائەت پىكرى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئامېرىكانىڭ «ھەممىباب قىممەت قاراشلار» ياكى «خەلقئارا جامائەت پىكرى» دېگەن گەپلەرنى قىلىشتىن ئاۋۋال، ياخشىراق دەڭسەپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، چۈنكى سىلەر دۇنياغا ۋەكىللىك قىلالمايسىلەر. سىلەر پەقەت ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگىلا ۋەكىللىك قىلالايسىلەر. مېنىڭچە دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم دۆلەتلەر ئامېرىكا دەۋاتقان «ھەممىباب قىممەت قاراشلار»نى ياكى ئامېرىكانىڭ پىكرىنىڭ خەلقئارا

جامائەت پىكرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى؛ ئاز ساندىكى كىشىلەر بېكىتكەن قائىدىنى، يەنى «قائىدىنى ئاساس قىلغان» خەلقئارا تەرتىپنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

(بىلىنكېن ۋە سۇلىۋان) ئىككىڭلارنىڭ باشلاش نۇتقى سەل ئۆزگىچىراق بولغاچقا، مېنىڭكىمۇ ئادەتتىكە سەل ئوخشىمايراق قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ۋاڭ يى: مەن ياڭ مۇدىرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا قىسقىراق سۆزلەيمەن. بۈگۈن سىلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن خۇشالمەن.

ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا، خىتاينىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، خىتاي - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. بۇ ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە، شۇنداقلا دۇنيانىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزدى. بۇ ئەھۋال ئەمدى داۋاملاشماسلىقى كېرەك. خىتاي ئۆتمۈشتە ئامېرىكانىڭ ئورۇنسىز ئەيىبلىشىنى قوبۇل قىلمىغىنىدەك، كەلگۈسىدىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. بىز ئامېرىكانىڭ ئارانلا قىلسا خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا چات كېرىۋالىدىغان زومىگەرلىكىنى توختىتىشىنى تەلەپ قىلىمىز. بۇ «كونا ئىللەت»نى ئۆزگەرتىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالدى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى، 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئامېرىكا خوڭكوڭ مەسىلىسى توغرىسىدا، خىتايغا قاراتقان ئاتالمىش «جازا»لىرىنى ئېغىرلاتتى. خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا بۇنداق قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش خىتاي خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. بىز ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

ئا.نكورىج شەھىرى خىتا.ي بىلەن ئا.مېرىكا.نىڭ ئو.تتۇرىسىغا. جا.يلاشقان بو.لسىمۇ، ئەمما نېملا دېگەن بىلەن ئۇ يەنىلا ئامېرىكانىڭ زېمىنى. بىز ئامېرىكانىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بۇ يەرگە كەلدۇق. لېكىن، بىز يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ئامېرىكا خىتايغا قارىتا يېڭى جازا تەدبىرلىرىنى ئېلان قىلدى. مەنچە بۇ نورمال «مېھمان كۈتۈش» ئادىتى ئەمەس. ئەمما، ئامېرىكا بۇ ئارقىلىق خىتاي بىلەن بولىدىغان سۆھبەتتە ئاتالمىش «ئەۋزەللىك»نى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان بولسا، چوتنى خاتا سوققان بولىدۇ ۋە بۇ پەقەت ئامېرىكانىڭ زەئىپلىكى ۋە بىقۇۋۇللۇقىنىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خالاس. ھەمدە بۇ خىتاينىڭ «ھەققانىي» مەيدانىغا زەررىچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ ۋە خىتاي خەلقىنىڭ ئىرادىسىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ.

مەن يەنە شۇنى دەپ قويايكى، رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن پرېزدېنت بايدېننىڭ خىتاي چاغىنىنىڭ ھارپىسىدا ئۆتكۈزگەن تېلېفون سۆھبىتى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلار ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇش خىتاي - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن يول كۆرسىتىپ بەردى. خەلقئارا جەمئىيەت بۈگۈن ۋە ئەتىكى سۆھبەتلىرىمىزنى، بىزنىڭ ئۆزئارا سەممىمىي ۋە دوستانە

مۇئامىلە قىلىشالايدىغان ـ قىلىشالمايدىغانلىقىمىزنى، بۇ سۆھبەتنىڭ دۇنياغا ئاكتىپ، ئىجابىي سىگنال بېرەلەيدىغان ـ بېرەلمەيدىغانلىقىنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتىدۇ.

شۇڭا، ئەگەر ئامېرىكا خالىسا، بىز بۇ مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىمىزگە ئېلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزنى قىلىشقا تەييار. مەن مۇشۇنچىلىك سۆزلەي، رەھمەت.

بىلىنكېن: مۇدىر ئەپەندى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، سىلەرنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن سۆزۈۋاتقانلىقىڭلارغا قارىتا، مەنمۇ بىر قانچە جۈملىنى قىستۇرما قىلىشنى توغرا تاپتىم.

شۇنى دېيىشىم كېرەككى، مەن دۆلەت سېكرېتارى بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يۈزگە يېقىن ماقامدىشىم بىلەن سۆزلەشتىم، مېنىڭ (شۇلاردىن) ئاڭلىغانلىرىم سىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭلارغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئامېرىكانىڭ (خەلقئارا سەھنىگە) قايتىپ كەلگەنلىكىدىن، ئىتتىپاقداشلىرىمىز ۋە شېرىكلىرىمىز بىلەن قايتىدىن ھەمكارلاشقانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتلىرىڭلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرىدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمەن.

بىزنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارىمىزنىڭ، دۇنيا مىقياسىدىكى ئىش بېجىرىش ئۇسلۇبىمىزنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى تامامەن ئىختىيارىيلىقنى ئاساس قىلغان ئىتتىپاقداشلىق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىدۇر. پرېزدېنت بايدىن بۇنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا كۈچەمەكتە.

بىزنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارىمىزنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى يەنە بىر گەۋدىلىك نامايەندىسى دۆلەتنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىزدىنىشىدۇر. بىز بۇ ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىمىزنى، خاتالىق سادىر قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز، گاھىدا (توغرا يۆنىلىشتىن) بۇرۇلۇپ، گاھىدا ئارقىغا چېكىنىپمۇ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئەمما (خىتايغا ئوخشىمايدىغان يېرىمىز شۇكى، ت) بىز تارىختىن بۇيان ئاشۇ خىرىسلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا، دادىل يۈزلىنىپ كەلدۇق، ئۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدۇق، بىزدە مەسىلە يوق دەپ تۇرۇۋالمىدۇق، ئۇلارنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنمىدۇق. بىز ئەنە شۇ رەۋىشتە (ھەرقېتىم ئۆز خاتالىقلىرىمىزنى تۈزەتكەندىن كېيىن) تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ياخشى بىر دۆلەت بولۇپ ئۆيۈشتۇق.

پرېزدېنت بايدىن مۇئاۋىن پرېزدېنت بولغان مەزگىلدە، بىز خىتايىنى زىيارەت قىلغانىدۇق. بۇ پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن نۇرغۇن مۇزاكىرىلەرنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، شۇ مۇزاكىرىلەردىن بىرىدە «ئامېرىكانى يېڭىلىدۇ، دەپ قارىغۇچى چوقۇم خاتالاشقان بولىدۇ» دېگەنىدى، بۇ ھۆكۈم بۈگۈنمۇ كۈچكە ئىگە.

ياڭ جيېچى: مەن بۇ زالغا كىرگەندىلا، ئامېرىكا ۋەكىللىرىگە ھەرقايسى تەرەپنىڭ باشلاش نۇتقىدا ئىنتوناتسىيىگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما مەن ئۇنداق قىلماپتىمەن.

بىز ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئىنتوناتسىيە سەۋەبلىك، مۇشۇنداق سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇق.

ئەجەبا سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار خىتايغا ئۆزۈڭلارنى چوڭ تۇتقان ھالدا، كۈچۈڭلارنى پەش قىلىپ تۇرۇپ، خىتاب قىلىش ئەمەسمۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىللىق بىلەن پىلانلانغانمۇ ۋە بارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى جايىدا ئىشلەنگەنمۇ؟ سىلەر سۆھبەتنى مۇشۇنداق ئېلىپ بارماقچىمۇ؟

(ھېلىغۇ ھازىركەن) سىلەرنىڭ 20 ~ 30 يىل ئىلگىرىمۇ بىزگە بۇنداق گەپ قىلىش سالاھىيىتىڭلار يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ تاكتىكاڭلار خىتاي خەلقىگە كارغا كەلمەيدۇ.

ئەگەر سىلەرنىڭ بىز بىلەن سەممىمىي مۇئامىلە قىلىشقۇڭلار بولسا، ئۇنداقتا بىز بىر ـ بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلغان ئاساستا مۇئامىلە قىلىششىمىز كېرەك.

ئەجەبا، بىز ئەجنەبىيلەرنىڭ دەردىنى ئاز تارتتۇقمۇ؟ بىز چەتئەللەرنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇۋاتقىلى قانچىلىك بولدى؟ خىتاينىڭ تۇزۇلمىسى توغرىلا بولسا، خىتاي خەلقى ئەقىللىق خەلقتۇر، بىزنى قورشايمەن دەپ قورشاپ بولغىلى بولمايدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، خىتاينى قورشايمەن، باستۇرىمەن دېگۈچى، ئاخىرىدا زىياننى ئۆزى تارتىدۇ.

ۋاڭ يى: (بىلىنكېن ۋە سۇلىۋان) ئىككىلا ئەپەندىم سۆزىدە، ئۆزلىرى زىيارەت قىلغان دۆلەتلەردىكىلەرنىڭ «خىتاي بىزگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ» دېگەنلىكىنى تىلغا ئالدى. بۇنىڭ ھەققەتەن شۇلارنىڭ شىكايىتى ئىكەنلىكىنى ياكى ئامېرىكانىڭ پەرىزى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. سىلەر خىتاي تەرەپ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرماي تۇرۇپلا، بىزگە «باشقىلارغا تەھدىت سالدىڭ» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزسەڭلار توغرا بولامدۇ؟ خىتاي ئەلۋەتتە بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئاق ـ قارىنى ئايرىماستىن شۇلارغا چاپان ياپساڭلار، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنى نورمال تەرەققىي قىلدۇرۇش بەسىي مۇشكۇل بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، مەنچە ئالدىراپ باشقىلارغا «تەھدىتچى» دېگەندەك قالپاقلارنى كىيگۈزمەڭلار. مېنىڭچە «زادى كىم كىمگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ؟» دېگەن مەسىلىگە دۇنيا خەلقى ئادىل جاۋاب بېرىدۇ، تارىخمۇ لايىقىدا يەكۈن چىقىرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ھېكمەتيار ئىبراھىم

مەنبە:

https://www.state.gov/secretary-antony-j-blinken-national-security-advisor-jake-sullivan-chinese-director-of-the-office-of-the-central-commission-for-foreign-affairs-yang-jiechi-and-chinese-state-councilor-wang-yi-at-th/




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ياخشى كەيپىياتنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتلىرى

جون شىندلېر

ئادەم بەدىنى بەدەندىكى ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى قانداق ساقلاشنى بىلىسىمۇ، ئىنسانلار بىلمەيدۇ. ئەمما، بىزمۇ ئىچكى ئاجراتمىلىرىمىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى خۇشال كەيپىيات ئارقىلىق ساقلىيالايمىز.

ناچار كەيپىيات جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىققا زىيانلىق، ياخشى كەيپىيات بولسا ساغلام بەدەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئەڭگۈشتەردۇر. تەمكىنلىك، شۈكۈر ـ قانائەتچانلىق، جەسۇرلۇق، قەتئىيلىك ۋە خۇشاللىق قاتارلىق ساغلام روھىي ھالەتلەر مېڭە ئاستى بېزى (<گىپوفىز>مۇ دېيىلىدۇ)نىڭ ھورمون ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەڭ ياخشى ھورمون تەڭپۇڭلۇقىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. بۇ خىل تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئۈنۈمى دۇنيادىكى ھەرقانداق دورىنىڭكىدىنمۇ ياخشى بولۇشى مۇمكىن.

## ئىجابىي كەيپىياتنىڭ ئاجايىپ رولى

پائۇل ۋايت 1951 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «ئىچكى كېسەللىكلەر مېدىتسىناسى يىللىق مەجمۇئەسى»دە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرگەن. ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەر بۆرەك ئۈستى بېزى پوستلاق ھورمونى (<كورتىكوتروپىن>مۇ دېيىلىدۇ) ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بىر ئايال بىمارى ئېغىر رېماتىزم قىزىتمىسىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ، بۇ ئايالنىڭ ئىككى بالىسى ۋە ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىدىغان ئېرى بار ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇ ئايالنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا ئۈچ يىل بولغان بولۇپ، دوختۇرلار ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا يەنە بىر يىل ياشىيالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

بۇ ئايالنىڭ روھىي ھالىتىمۇ ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ساقىيىشتىن ئاساسەن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. ئەمما، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، دەل شۇ مەزگىلدە ئېرى ئاللىقانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارنى تاشلاپ كەتكەن ۋە ئۇلارغا تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ قالدۇرۇپ قويمىغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئايال بارلىق بەختسىزلىككە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. شۇنداقلا، دەل ئاشۇ «مەجبۇرلۇق» سەۋەبلىك، چۈشكۈن كەيپىياتتىن قۇتۇلغان.

دوختۇر ۋايت ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى بارغاندا، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن: «دوختۇر، مەن بىر ئامالللارنى قىلىپ ياخشىلىنىشقا بەل باغلىدىم، مەن ئىككى بالامنى باقمسام بولمايدۇ» دېگەن.

دوختۇر ۋايت ئۇنىڭغا: «خانىم، مەنمۇ سىزنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەمما يۈرىكىڭىز كۆپ ھەرىكەت قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمەسمىكىن دەيمەن» دېگەن.

كۆپچىلىككە شۇنى ئەسكەرتمەكچىمەن، دوختۇر ۋايت ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئىقتىدارىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغىنى يوق. ئۇنىڭدەك كەسپىي خادىملار يۈرەكنىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىنى ۋە كەلگۈسىدە كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولغان مەسىلىلىرىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئەمما ئۇ بۆرەك ئۈستى بېزى پوستلاق ھورمونىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەسىرىنى، شۇنداقلا بەزى كەيپىياتلارنىڭ بۆرەك ئۈستى بېزى پوستلاق ھورمونىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى غىدىقلاپ، ھورمونىنىڭ نورماللىقىنى ئېشقا ئاشۇرۇش ئېھتىماللىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغاندى (چۈنكى، يۇقىرىدىمۇ قەيت قىلغىنىمىزدەك، ئەينى چاغدا كىشىلەر بۇ خىل ھورمونىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەيتتى). گەرچە دوختۇر ۋايت ئۇ ئايالغا ۋاقتىنچە ئورنىدىن تۇرۇۋالماسلىق تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايال جاسارەت، ئىرادە، قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشلەشكە باشلىغان ۋە شۇ رەۋىشتە جاپالىق ئىشلەپ ئىككى بالىسىنى سەككىز يىل باققان.

كۆزىتىشكە ماھىر ھەرقانداق دوختۇر ئۆزىنىڭ داۋالاش تارىخىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىسالالارنى بايقىيالايدۇ. بۇ خىل مىسالالار ئادەتتە ئوپېراتسىيەدىن كېيىن كۆپ ئۇچرايدۇ. شىپاخانىمىزدىمۇ ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. بىز يامان سۈپەتلىك ئۆسمىگە گىرىپتار بولغان بىر بىمارغا قارىتا ئىنتايىن قىيىن، چوڭ ئوپېراتسىيە قىلغاندۇق. ئوپېراتسىيەدىن ئۈچ كۈن كېيىن، مەسئۇل دوختۇر مەندىن بىمارنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى ۋە «ئۇ ئۆزۈن ياشىيالمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دېدى.

كېسەللىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن ئۇزۇن ياشىيالمايدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ ياتىقىغا كىردىم، ئۇ خېلىلا سەگەك كۆرۈنسىمۇ، ئەھۋالى يەنىلا ئېغىر ئىدى.

مەن: «ھېنرى، بۈگۈن قانداقراق تۇرىسىز؟» دەپ سورىدىم.

ھېنرى ماڭا قاراپ خۇشال كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى (مەن بۇنداق كۈچنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن)، ئۇ تولىمۇ سەممىي ئاھاڭدا «ئەھۋالىم ناھايىتى ياخشى! بىر نەچچە كۈندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقىمەن» دېدى.

ھېنرى ئىزچىل شۇ ھالىتىنى ساقلىدى ۋە ناھايىتى ياخشى ئەسلىگە كەلدى. مەنچە، ئەگەر ئۇ كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقارغان پاسسىپ كەيپىياتلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان بولسا، ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئوتتۇرا ياشلىق يەنە بىر ئايال بىمارمۇ مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ كونترول قىلغىلى بولمايدىغان قاناش سەۋەبىدىن دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىپ، سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى كىرگىنىمدە، ئۇنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىد يوقتەك ھېس قىلاتتىم. لېكىن ھەر دائىم ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغىنىمدا، ئۇ ھەمىشە خۇشاللىق ۋە ئىشەنچ ئىلكىدە: «ئەھۋالىم ناھايىتى ياخشى، (يېتىۋەرمەي) ئولتۇرغۇم بار، ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۆيگە قايتىمەن» دەيتتى. دەرۋەقە، ئۇمۇ ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئەمما، ئۇ ئاللىقانداق داۋالاش ئۇسۇللىرى سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى ياخشى كەيپىيات ئارقىلىقلا ساقايغانىدى.

## ياخشى كەيپىيات ۋە ئىچكى ئاجراتما تەڭپۇڭلۇقى

ياخشى كەيپىيات كىشىلەرنىڭ مېڭە ئاستى بېزىنى غىدىقلاپ، ئىچكى ئاجراتما تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. لېكىن، ھورمونىنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغاندا، بۇ ئۈنۈمگە يەتكىلى بولمايدۇ. ياخشى كەيپىيات بەدەننىڭ مۇۋاپىق مىقداردا ھورمون ئاجرىتىپ چىقىرىشىغا تۈرتكە بولسا، ناچار كەيپىيات نامۇۋاپىق مىقداردا ھورمون ئاجرىتىپ چىقىرىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## ياخشى كەيپىيات مۆجىزە يارىتالايدۇ

بىرنىڭ ھورمونغا بولغان تونۇشىمىز ھېلىھەم چالا، ئەمما بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە نۇرغۇن داۋالاش مۆجىزىلىرىنى چۈشەندۈرۈشىمىزگە ئىمكان يارىتىدۇ. بىلىمىمىزنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، تەبىئەت دۇنياسى بىز ئۇچۇن قەدىمكىلەرنىڭ نەزىرىدىكىدىنمۇ نەچچە مىڭ ھەسسە سىرلىقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

بۇ ھەقتە بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي. باكتېرىيەگە قارشى دورىلار كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، بىر ئەرنىڭ بۆرىكى يۇقۇملانغان. 1934 ـ يىلى بۇ ئىنتايىن ئېغىر كېسەل ھېسابلىناتتى. يۇقۇملانغۇچى ئادەتتە ئاسان تېرىككىدىغان، سەپرا ئادەم ئىدى. بۇ سەلبىي كەيپىياتلار ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بۆرەك ئۈستى بېزى پوستلاق ھورمونىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى (نامۇۋاپىق دەرىجىدە) غىدىقلاپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى تېخىمۇ ئەدىتىۋەتكەنىدى.

كېيىن، ئۇ بىمار داخاننىڭ ئالدىغا بارغان. داخان بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرگەن، نەتىجىدە ئۇ قىزغىنلىق، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان (مەن بۇلارنىڭ ھېچقايسىنى قىلالمىغانىدىم). ئۇنىڭدىن كېيىن، (بۇ خىل ئىجابىي كەيپىياتتىن روياپقا چىققان) ئەڭ مۇۋاپىق ئىچكى ئاجراتما تەڭپۇڭلۇقى بۇ ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئەڭ ياخشى قوغداش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇ دەۋردە بەدەندىكى ئىممۇنىتېت سىستېمىسى (بۇ خىل كېسەللىكلەر ئۇچۇن) بىردىنبىر داۋالاش قورالى ئىدى. كېيىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قانداق چارە ئىشلىتىشتىن قەتئىينەزەر، كەيپىيات ياخشىلانسىلا، ئوخشاش ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مۇھىمى ياخشى كەيپىياتنى قانداق شەكىللەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى ياخشى كەيپىياتنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ خىل ئىش ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بۇيان ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، ئەمما بىز ئۇنىڭ (يەنى ئىجابىي كەيپىياتنىڭ) مۇھىملىقىنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلىشقا باشلىدۇق.

## ياخشى كەيپىيات ئىككى خىل شەكىلدە تەسىر كۆرسىتىدۇ

ئادەتتە، ياخشى كەيپىياتنىڭ ئىككى خىل ئۈنۈمى بار. بىرىنچىسى، ياخشى كەيپىيات جىددىيلىك پەيدا قىلىدىغان ناچار كەيپىياتنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ياخشى كەيپىيات مېڭە ئاستى بېزىنى غىدىقلاپ، ئىچكى ئاجراتما فۇنكسىيەسىنى ئەڭ تەڭپۇڭ ھالەتكە ئەكېلىدۇ. دەل مۇشۇ تەڭپۇڭلۇق سەۋەبىدىن كىشىلەر «پاھ، نېمە دېگەن قالتىس!» تېيىدىكى جۇشقۇن كەيپىياتلارغا ئىگە بولىدۇ. ئەمما بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۈنۈم ئوخشاشلا مۇھىم.

## ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىش

ساغلام تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئاچقۇچى ياخشى روھىي ھالەتنى ساقلاشتۇر. شۇ ۋەجىدىن، ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى روھىي ھالىتىڭىزنى مەشىقلەندۈرۈش ۋە تىزگىنلەشتۇر.

ھازىرغا قەدەر، مائارىپنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى زېھنىي ئەقلىمىزنى كۈچلەندۈرۈش بولۇپ كەلدى، بۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم. ھالبۇكى، بىر ئادەمنىڭ زېھنىي ئەقلى ئۈستۈن، ئەمما كەيپىياتى ناچار بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككىسىدىن چوقۇم بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، «ھېسسىي ئەقلى ئۈستۈن، زېھنىي ئەقلى تۆۋەن» بولۇش «ھېسسىي ئەقلى تۆۋەن، زېھنىي ئەقلى ئۈستۈن» بولغاندىن ياخشىدۇر، چۈنكى «زېھنىي ئەقلى تۆۋەن» بولسىمۇ، «ھېسسىي ئەقلى ئۈستۈن» بولغان كىشى تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى مۇمكىن.

تەدبىرىڭىز توغرا بولسا، ياخشى روھىي ھالەت ھازىرلاش زېھنىي ئەقلنى كۈچلەندۈرۈشتىن كۆپ ئاسان. ئەمەلىيەتتە، ھەر قانداق ئادەم ناچار كەيپىياتتىن قۇتۇلالايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناچارلىقى راست، چۈنكى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، بىز كەيپىياتنى تىزگىنلەش مەشىقىگە ئىزچىل سەل قاراپ كەلدۇق.

**خۇلاسە:**

ساغلام كەيپىيات ۋە ناچار كەيپىيات ئىككىلىسى مېڭە ئاستى بېزىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ياخشى كەيپىيات شۇ ئارقىلىق سالامەتلىكنى ياخشىلايدۇ، ناچار كەيپىيات بولسا كىشىنى كېسەل قىلىۋېتىدۇ.

«كەيپىيات ئىنقىلابى» ناملىق كىتابتىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# مايمۇن ئويۇنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى روھىي ئاسارەت

دوختۇر مەمەت ئىمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مايمۇن ئويۇنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى روھىي ئاسارەت

مەمەت ئىمىن

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا مېنى ئويغا سالغان بىر ئىش باغچىلاردا ۋە ئادەم كۆپ توپلىشىدىغان جايلاردا قويۇلىۋاتقان مايمۇن ئويۇنى، يەنى مايمۇن ئىگىسىنىڭ قولىدىكى قامچىسىنى ھاۋاغا ئۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىپ ھەيۋە قىلىشلىرى ۋە مايمۇنىنىڭ سوكۇلداپ مېڭىپ، خۇددى ئۇ قامچىنىڭ ئاۋازىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك ئويۇن قويۇپ ئەتراپتا توپلاشقان ئادەملەرنى جەلىپ قىلىش ئارقىلىق ئىگىسىنى خۇش قىلىشى بولغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەن گەرچە ئۇ قامچا ئاۋازىنىڭ مايمۇنغا بېرىلگەن بىر سىگنال ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدىكى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى بەك چۈشىنىپ كەتمىگەن ئىدىم. پەقەتلا مايمۇنىنىڭ ئويۇن قويۇش ماھارىتىدىن ھەيران قېلىپ، مايمۇنىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇغان ئىدىم. كېيىن كۆرگەن بىلگەنلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ مايمۇنلارنىڭ شۇ ماھارەتلىك ئويۇنلىرىنىڭ كەينىدە قانچىلىك بەدەللەر تۆلەنگەنلىكىنى ئاز تولا تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم.

مايمۇن ئويۇنى خىتاي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا بىر ئاز ئومۇملاشقان ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاتا مىراس ئائىلە كىرىم مەنبەسى بولۇپ، ئۇلار نەچچە ئەۋلاد ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن مايمۇنلارنى تەربىيىلەپ، كوچىلاردا ئويۇن قويۇش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامداشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن ئالاھىدە تەربىيە كۆرمىگەن ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاجىز ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار مايمۇن تەربىيىلەشتە ئەڭ ئاز چىقىم كېتىدىغان، بىراق ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان روھىي ئاسارەت قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولغان سەۋەبسىز جازالاش ئارقىلىق ۋەھىمە، قورقۇنچ پەيدا قىلىش ئارقىلىق روھىي جەھەتتە باغلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىكەن. كونكېرت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلى قائىدە بويىچە مايمۇن تەربىيىلىگۈچى ئەگەر مايمۇن گەپ ئاڭلاپ، ئىگىسىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلسا، مايمۇنغا مۇكاپات بېرىشى كېرەك: ئۇنداق بولغاندا مايمۇن ماھارىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىشكەن مۇكاپاتىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مايمۇنىنىڭ مۇكاپاتقا بولغان تەلىپى يۇقىرىلايدۇ. يەنى مايمۇن ئىگىسى مايمۇننى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك قىلىش ئۈچۈن، مايمۇنغا تېخىمۇ كۆپ مۇكاپات بېرىشكە توغرا كېلىدىكەن. نەتىجىدە مايمۇن

تەربىيىلەشنىڭ تەنەرخى يۇقىرىلاپ ماڭىدىكەن. ئەگەر مايمۇن ئىگىسى مايمۇننى جازالاش ئارقىلىق روھىي ئاسارەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، مايمۇن تەربىيلەشنىڭ تەنەرخىنى كۆپ مىقداردا تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن. يەنى، مايمۇن تەربىيىلىگۈچى مايمۇن تەربىيىلەش تەنەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، مايمۇن تەربىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مايمۇننى سەۋەبسىز ئۇرۇپ جازالايدىكەن. مايمۇن گەرچە دەسلەپتە ئۆزىنىڭ سەۋەپسىز ئۇرۇلۇشىغا قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ، بىراق كېيىنچە ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى ئۇرماسلىقىنى ئۆزىگە بېرىلگەن ئەڭ چوڭ مۇكاپات دەپ بىلىدىغان بولىدىكەن ۋە سەۋەبسىز تاياق يېمەسلىك ئۈچۈن تېخىمۇ سەگەك، تېخىمۇ گەپ ئاڭلايدىغان بولۇپ، ئىگىسى بىر ئىش قىلىشقا مەجبۇرى قىلمىسىمۇ، ئۆزلىكىدىن قىلىپ ئىگىسىنى خوش قىلىدىغان بولىدىكەن. ئاخىردا مايمۇن ھەتتا ئۆزىنى سەۋەبسىز ئۇرغان ئۇ ئىگىسىدىن ئايرىلالماس بولۇپ قالىدىكەن.

كىيىن مەن تاساددىپىي پۇرسەتتە خىتايدا 2000 يىل بۇرۇن يېزىلغان «شاجۇنشۇ، خەلقنى كونتۇرۇل قىلىشنىڭ 5 خىل ئۇسۇلى» دىگەن بىر كىتابىنى ئوقۇپ قالدىم. ئۇ كىتابتىكى خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ بەش خىل ئۇسۇلى ئىچىدىكى بىر خىل ئۇسۇلدا مۇنداق دىيىلگەن ئىكەن. خەلق باي بولغاندا، قوساق تويغاندا، ئويلايدىغان ئىشلار كۆپ بولىدۇ، ئەركىنلىككە بولغان تەلپى يۇقۇرىلايدۇ؛ ئۇنداق ئادەملەرنى ئاز نەرسە بىلەن مۇكاپاتلاپ خوش قىلماق، رازى قىلماق تەس بولىدۇ. ئۇلار راھەت تاپقانچە تەلەپلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇلارنى باشقۇرۇش تەس بولىدۇ؛ ھاكىمىيەتكە تەھدىت بولىدۇ. ئۇلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مال مۈلكىنى مۇسادىر قىلىپ، ئۇلارنى ناھايتى يوقسۇل ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش كىرەك. زىندانلارغا تاشلاپ جازالاش كىرەك. ئادەم يوقسۇل ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، قورساق تويغۇزۇشنىڭ غېمىدە بولۇپ، باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا ۋاقتى يەتمەيدۇ. ئۇنداق كىشلەر جازالانماسلىقنى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئەڭ چوڭ مۇكاپات، ئەڭ چوڭ بەخت دەپ بىلىدۇ. ئۇلارنى ئازراقلا مۇكاپات بىلەن رازى قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر ئازلا مەنپەئەت ئۈچۈن باشقىلارنى ساتىدىغان بولىدۇ.

ھازىرقى زامان پىسخىكا ئىلمىدا روھى ئاسارەت (enslaved minds) دەيدىغان بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ھەر خىل روھىي ياكى زېھنىي مونوپول قىلىش (mental manipulation) ئۇسۇللىرىنى، قارشى تەرەپنىڭ روھىيىتىنى كونترول قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئىنسانلار دەۋاتقان مېڭە يۇيۇش، ئوقۇتۇپلىش، جىن چاپلىشىپ قېلىش دېگەندەكلەرمۇ مۇشۇ كاتېگورىيە ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ گەرچە ھازىرقى زاماندا سىستىملىق تەتقىق قىلىنغان بىر ئىلىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ئوخشىمىغان مەقسەدتە ۋە ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا قوللىنىپ كېلىنگەن. مۇستەملىكچىلىك ئەۋجئالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەۋرلەردە، مۇستەملىكە قىلغۇچى مۇستەملىكە قىلىنغۇچىلارنى قورال كۈچىگە تايانماي كونترول قىلىش ئۈچۈن قوللىنىپ كەلگەن بولسا، ھازىرقى زاماندا ئائىلىدە ئەر خوتۇننى ياكى ئايال ئەرنى كونتۇرۇل قىلىش ئۈچۈن، دىكتاتۇر ھاكىمىيەت خەلقنى كونتۇرۇل قىلىشتا قوللانماقتا.

ئامېرىكالىق تارىخشۇناس كارتېر ۋۇدسون (Carter G. Woodson) روھىي ئاسارەت ياكى روھىي قۇللۇقنى ئىنسانلار بوينىغا سېلىنغان ھەقىقىي بۇزۇلماس زەنجىر دەپ ئاتاپ، مۇنداق دەيدۇ: سىز بىر ئىنساننىڭ روھىنى كونترول قىلسىڭىز، ئۇنىڭ سۆز ھەرىكىتىدىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭغا نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشىنى، نېمىنى دەپ، نېمىنى دېمەسلىكىنى ئېيتىپ يۈرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ئۆزى تۇردىغان «توغرا جاي»نى ۋە سۆزلەيدىغان «توغرا سۆز»نى تاپالايدۇ. ئۇنىڭغا ئارقا ئىشىكنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. نەدە ئارقا ئىشىك بولسا، ئۆزى ئىزدەپ تاپالايدۇ. ھەتتا ئارقا ئىشىك بولمىسىمۇ، تامدىن بىرنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ئارقا ئىشىكتىن بىرنى ياسايدۇ. ئۇ ئالغان تەربىيە ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونىتىدۇ.

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرى بولغاندەك، ئۆتكەن يىلى ئامېرىكادا ئۇيغۇر قانۇنى ماقۇللانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى قوللىنىپ ئامېرىكاغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ئىدى. ئامېرىكانىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېئو ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىق سىياستىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېلان قىلغاندىن ۋە ئامېرىكادا يېڭى ھۆكۈمەت ۋەزىپە ئۆتەشكە باشلىغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن مايك پومپېئو ۋە 27 نەپەر سابىق ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ئىمبارگو ئېلان قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كونا ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى قوللىنىپ، پومپېئوغا قارشى كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات قىلىشقا ئۆتمەكتە. بۇنىڭدىن مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان بەزىلىرىمىز «ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئامېرىكادا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپتۇ» دەپ خوش بولغان بولساق، يەنە بەزىلىرىمىز «مۇھاجىرەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان داۋا ئۈنۈم بېرىپتۇ؛ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنى ئاقلاشقا مەجبۇر بوپتۇ» دەپ خۇشال بولۇشتۇق. ئەلۋەتتە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتىنىڭ بىزنى خوش قىلىش ئەمەسلىكىنى ھەممەيلەن ئوبدان بىلىمىز.

ئۇنداقتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق بىر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىنىڭ مەقسىتى نېمە؟ خىتاي ھۆكۈمىتى راستىنلا ئەزەلدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان كونا تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ئۆزىنى ئاقلاۋاتامدۇ ياكى باشقا مەقسىتىمۇ بارمۇ؟ كۆرۈنۈشتە خىتاي ھۆكۈمىتى كونا ئۇسۇلىنى تەكرارلاۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئەگەر بىز بەزى نۇقتىلارنى ئوبدان كۆزىتىپ باقساق، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكادا ھۆكۈمەتنىڭ ئالمىشىشى بىلەن، ئالدىنقى تۆت يىلدا يۈرگۈزگەن تاكتىكىلىرىدا بەزى ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. بۇرۇن خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكادا ۋە ياكى خىتاي سىرتىدا

يۈز بەرگەن خىتايغا قارشى چوڭ ۋەقەلىكنى خەۋەر قىلغاندا، ئۇنى ئەينەن خەۋەر قىلماستىن، ئامال بار بۇرمىلاپ تەشۋىق قىلغاندىن باشقا، ۋەقەلىكنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىنى ئۇنچە تەپسىلىي خەۋەر قىلمايتتى. بۇ قېتىم خىتاي ھۆكۈمىتى مايك پومپىئو باياناتىدا ئىلان قىلغان ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزۈندىن بېرى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان قىرغىنچىلىقلىرىنى، شۇ قىرغىنچىلىقنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارغا بىر ـ بىرلەپ ئىنكار قىلدۇرغان.

ئىشىنىمەنكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ تەشۋىقاتلار ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسىتى يالغۇز ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ سەپسەتىلىرىگە ئىشەندۈرۈپ، ئۆزىنى ئاقلاش بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنداق ئىككى مەقسىتى بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچىدىن، ئالدىنقى يىللاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېلىپ بارغان كاللا يۇيۇش يەنى روھىي ئاسارەتنىڭ ئۈنۈمىنى سىناق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان سىستېمىلىق ۋە پىلانلىق روھىي ۋەيرانچىلىق (**mental breakdown**) نىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇلارنى كونكرېت ئىجرا قىلىۋاتقانلار ئۇنچە يۇقىرى سەۋىيەلىك ئادەملەر بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ تەشۋىقاتلارنى پىلانلىغان ئادەم ئۆزىنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار قانداق ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئىنسانلارنىڭ پىسخىكا روھىي ھالىتىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى روھىي ئاساسەت ئاستىغا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشى مۇمكىن.

ئىنسانلار روھىي ئاسارەت ئاستىغا ئېلىنغاندا، ئۇلارنى بەزى ئىشلارغا مەجبۇرى قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. روھى ئاسارەت ئاستىغا ئېلىنغان ئىنسانلار، خۇددى ئويۇن قويۇش ئۈچۈن تەربىيلەنگەن مايمۇندەك، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئاسارەت قىلغۇچىنى خوش قىلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئۇلار كۆپۈنچە ئەھۋالدا ئەندىشە قىلىش، قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدۇ. روھىي ئاسارەت ئاستىغا ئېلىنمىغان، غورۇرى بار ھەرقانداق بىر ئىنسانغا نىسبەتەن، ئەڭ ئېغىر جازا ئۆلۈم بولماستىن، بەلكى ئۇ ئادەمگە ئۆزى سۆيگەن ئادەمنى ئۆلتۈرگۈزۈش، ئۆزى سۆيگەن ئادەمگە خايىنلىق قىلغۇزۇش، ئۆزى ئۈچۈن ھەق سۆزلىگەن ئادەمنى ھاقارەت قىلغۇزۇش بولۇپ، ئىنساننى ئۆز ۋىجدانىغا قارشى سۆزلەشكە مەجبۇرى قىلىشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، ئۇ ئىنساننى روھىي جەھەتتىن جازالاشتۇر. ئىنسان ھايات قېلىش ياكى مەلۇم ئىمتىيازغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆز ۋىجدانىغا قارشى ئىش قىلىشقا مەجبۇرى بولغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ. يەنى ئۇ ئادەمنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى ۋە ئىپادىسى بىر خىل، ئىچكى دۇنياسى باشقا بىر خىل بولۇپ، تاشقى ئىپادىسىگە ۋەكىللىق قىلىدىغان تەرەپ بىلەن ئىچكى دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەپ ئارىسىدا ئىزچىل توقۇنۇش يۈز بېرىشى، نەتىجىدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ پىسخىكىسىدا ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئىنسانلاردا يۈز بەرگەن بۇ خىل پىسخىكا ۋەيرانچىلىقى يالغۇز ئۇلارنىڭ نورمال ھاياتى ۋە تەپەككۇرىغا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.



# ئاشۋاگاندانىڭ 12 خىل پايدىسى

فرانزىسكا سپرىتزلر

# ئاشۋاگاندانىڭ ئون ئىككى خىل پايدىسى

ئاشۋاگاندا (Ashwagandha) قەدىمىي دورىلىق ئۆسۈملۈكتۇر.

ئۇ ماسلىشىش مەنبەسى (adaptogen) دەپ قارىلىدۇ، يەنى بەدىنىڭىزنىڭ بېسىمنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئاشۋاگاندانىڭ بەدىنىڭىز ۋە مېڭىڭىز ئۈچۈن باشقا نۇرغۇن پايدىلىرىمۇ بار.

مەسىلەن، ئۇ مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ، قان شېكىرى ۋە كورتىسولنىڭ (cortisol) نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەندىشە ۋە چۈشكۈنلۈكنىڭ ئالامەتلىرىگە قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرەلەيدۇ.

تۆۋەندىكىسى ئاشۋاگاندانىڭ ئىلمى - پەندە ئىسپاتلانغان 12 تۈرلۈك پايدىسىدۇر:

1. ئۇ 3000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بېسىمنى يەڭگىللىتىش، ئېنېرگىيە سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش ۋە زېھىننى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭ سالامەتلىككە بولغان پايدىلىرىنىڭ نۇرغۇنى ئۇنىڭدىكى قويۇقلۇقى يۇقىرى بولغان ۋىتانولىد (withanolides) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ۋىتانولىدنىڭ ياللۇغ قايتۇرۇش ۋە ئۆسمىنىڭ ئۆسۈشىگە قارشى تۇرۇشى رولى بارلىقى ئىسپاتلانغان.

2. بىر نەچچە خىل تەتقىقاتلاردا ئاشۋاگاندانىڭ قان شېكىرىنىڭ نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

مەلۇم بىر پروبىركا تەتقىقاتىدا بايقىلىشىچە، ئاشۋاگاندا ئىنسۇلىننىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىلىشىنى تېزلىتىپ، مۇسكۇل ھۈجەيرىلىرىدىكى ئىنسۇلىننىڭ سېزىمچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ.

شۇنداقلا، ئادەم بەدىنىدە قىلىنغان بىر قانچە تۈرلۈك تەتقىقاتتا ئاشۋاگاندانىڭ ھەم ساغلام كىشىلەرنىڭ، ھەم دىئابىت بىمارلىرىنىڭ قېنىدىكى قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىدىغانلىقى بايقالدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئېلىشىپ قالغان كىشىلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تۆت ھەپتىلىك تەتقىقاتتا، ئاشۋاگاندا بىلەن داۋالانغانلارنىڭ ئاچ قورساق ھالەتتە ئۆلچەنگەن قاندىكى قەنت مىقدارى ئوتتۇرىچە 13.5 mg / dL تۆۋەنلىگەن بولۇپ، بەزلەش دورىسى (placebo) ئىشلىتىلگەنلەرنىڭ بولسا، ئارانلا 4.5 mg / dL تۆۋەنلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

3. ھايۋانات ۋە سىناق نەيچىسى تەتقىقاتىدا، ئاشۋاگاندادىكى بىرىكمە ماددا بولغان ۋىتافېرىننىڭ (withaferin) راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆلۈشىگە تۈرتكە بولىدىغانلىقى بايقالغان.

گەرچە ھازىرچە ئاشۋاگاندانىڭ ئىنسانلارغىمۇ يۇقىرىقىدەك تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا پاكىتلار بولمىسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى يەنىلا كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.

4. ئاشۋاگاندا بەدەندىكى كورتىسول دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

كورتىسول «بېسىم ھورمونى» دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۆرەك ئۈستى بېزى بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا قاندىكى قەنت مىقدارى بەك تۆۋەنلەپ كەتكەندە، كورتىسول ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

ئۇزۇن مۇددەت بېسىمغا ئۇچرىغان قۇرامىغا يەتكەنلەرگە قارىتىلغان بىر تەتقىقاتتا، ئاشۋاگاندا ئىستېمال قىلغانلارنىڭ تېنىدىكى كورتىسول مىقدارى سېلىشتۇرما گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، ئەڭ يۇقىرى مىقداردا ئاشۋاگاندا ئىستېمال قىلغانلارنىڭ تېنىدىكى كورتىسول مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن.

5. بېسىم ۋە تەشۋىشنى ئازايتىش رولى بار.

ئۇزۇن مۇددەتلىك بېسىمغا دۇچار بولغان 64 ئادەمدە ئېلىپ بېرىلغان 60 كۈنلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئاشۋاگاندا ئىستېمال قىلغان گۇرۇپپىدىكى كىشىلەردىكى تەشۋىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 69 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن بولۇپ، بەزلەش دورىسى (placebo) ئىشلىتىلگەنلەرنىڭ بولسا ئارانلا 11 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن.

6. چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ.

بېسىمغا ئۇچرىغان قۇرامىغا يەتكەن 64 كىشىدە ئېلىپ بېرىلغان 60 كۈنلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، كۈنىگە 600 مىللىگرام يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى ئاشۋاگاندا جەۋھىرىنى ئىستېمال قىلغانلاردىكى ئېغىر چۈشكۈنلۈك 79 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن، بۇنىڭ ئەكسىچە، بەزلەش دورىسى (placebo) ئىشلىتىلگەنلەردىكى چۈشكۈنلۈك ئون پىرسەنت ئېشىپ كەتكەن.

7. ئەرلەرنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقان 75 ئەردە ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئاشۋاگاندا بىلەن داۋالانغان گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئىسپېرمىسىنىڭ سانى كۆپىيىپ، ھەرىكەتچانلىقى

ئاشقان. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاشۋاگاندا ئىستېمال قىلغان گورۇپپىدىكىلەرنىڭ قېنىدىكى ئوكسىدلىنىشقا قارشى ماددىنىڭ مىقدارىمۇ ئاشقان.

**8. مۇسكۇلنىڭ ماسسىسى ۋە كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.**

تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ئاشۋاگاندا بەدەننىڭ تەركىبىنى ياخشىلاپ، قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدۇ.

تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ بىخەتەر ۋە ئۈنۈملۈك مىقداردا ئاشۋاگاندا ئىستېمال قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىنغان بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، كۈنىگە 750 ~ 1250 مىللىگىرام سوقۇلغان ئاشۋاگاندا يىلتىزى ئىستېمال قىلغان ساغلام ئەرلەرنىڭ مۇسكۇلى 30 كۈندىن كېيىن كۈچەيگەن.

**9. ياللۇغ قايتۇرىدۇ.**

هايۋان تېنىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىشىچە، ئاشۋاگاندا ياللۇغ قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

ئادەم بەدىنىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ئۇ تەبىئىي ئۆلتۈرگۈچى هۈجەيرىلەرنىڭ (natural killer cells) جانلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ. تەبىئىي ئۆلتۈرگۈچى هۈجەيرىلەر ــ يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرۇپ، ساغلاملىقىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىممۇنىت هۈجەيرىلىرىدۇر.

**10. خولېستېرىن ۋە ترىگلىتسېرىدنى (triglycerides) تۆۋەنلىتىدۇ.**

ئاشۋاگاندا ياللۇغ قايتۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇشتىن سىرت، خولېستېرىن ۋە ترىگلىتسېرىدنىڭ مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق يۈرەك ساغلاملىقىنى ياخشىلاشقا تۆرتكە بولىدۇ.

هايۋانلاردا قىلىنغان تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ئاشۋاگاندا قاندىكى بۇ خىل ماي ماددىلىرىنىڭ مىقدارىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەتكەن.

چاشقان تېنىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ئاشۋاگاندا ئومۇمىي خولېستېرىن ۋە ترىگلىتسېرىد مىقدارىنى ئايرىم - ئايرىم هالدا 53 پىرسەنت ۋە 45 پىرسەنتكە يېقىن تۆۋەنلەتكەن.

**11. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى قاتارلىق چوڭ مېڭە ئىقتىدارلىرىنى ياخشىلايدۇ.**

پروبىركا ۋە هايۋانات تەتقىقاتىدا ئىسپاتلىنىشىچە، ئاشۋاگاندا زەخىملىنىش ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئەستە تۇتۇش ۋە مېڭە ئىقتىدارى تۆۋەنلەش مەسىلىلىرىنى يېنىكلىتىدۇ.

بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا، تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان چاشقانلارنى ئاشۋاگاندا بىلەن داۋالىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بوشلۇق خاتىرىسى (Spatial memory ــ تونۇش پسىخولوگىيەسى ۋە نېرۋا ئىلمىدە، مۇھىت ئۇچۇرلىرى ۋە بوشلۇق يۆنىلىشلىرىنى خاتىرىلەشكە مەسئۇل بۆلەكنى

كۆرستىدۇ) پۇتۇنلەي ئەسلىگە كەلگەن. بۇ بەلكىم ئوكسىدلىنىش سىزىمچانلىقىنىڭ تۆۋەنلىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

12. كۆپىنچە كىشىلەر ئۇچۇن بىخەتەر ۋە ئاسان تاپقىلى بولىدۇ.

گەرچە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرى نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما ئاشۋاگاندا يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچۇن بىخەتەر ساغلاملىق مەھسۇلاتىدۇر.

ھالبۇكى، ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار قاتارلىق بەزى كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلماسلىقى كېرەك.

رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، قىزىلئۆڭگەچ، ھاشىموتو قالقانسىمان بەز ياللۇغى (Hashimoto's thyroiditis) ۋە 1 ـ تىپلىق دىئابېت كېسىلى قاتارلىق ئۆزلىكىدىن ئىممۇنىتلىنىدىغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلارمۇ تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ رۇخسىتى بولمىغان ئەھۋالدا، ئاشۋاگاندادىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئاشۋاگاندانىڭ تەۋسىيە قىلىنغان مىقدارى نىمىگە قارىتا ئىشلىتىشكە باغلىق. ئاشۋاگاندا جەۋھىرى يىرىك ئاشۋاگاندا يىلتىزى ياكى يوپۇرماق تالقىنىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈكتۇر.

ئادەتتە كۈندە 450 ~ 500 مىللىگىراملىق ئۆلچەملىك ئاشۋاگاندا يىلتىزى جەۋھىرى كاپسۇلىنى بىر ياكى ئىككى قېتىم ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.healthline.com/nutrition/12-proven-ashwagandha-benefits#11.-May-improve-brain-function,-including-memory

NEWLINES INSTITUTE
FOR STRATEGY AND POLICY

# THE UYGH
# GENOCIDE

Examination of China's I
the 1948 Genocide Conve

## ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

## «يېڭى لىنىيە» ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى

خىتاينىڭ 1948 ـ يىلى تۈزۈلگەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»گە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش

2021 ـ يىلى 3 ـ ئاي

## كىرىش سۆز

بۇ دوكلات 1948 ـ يىلدىكى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»نىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىۋاتقان قىلمىشلىرىغا تونجى قېتىم مۇستەقىل مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن تەدبىقلىنىشىدۇر. مەزكۇر دوكلات «يېڭى لىنىيە» ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى بىلەن رائۇل ۋاللېنبېرگ (Raoul Wallenberg) كىشىلىك ھوقۇق مەركىزى تەرىپىدىن، شەرقىي تۈركىستاندا بارغانسېرى كۆپلەپ سادىر قىلىنىۋاتقان، مەركەزلىك ھالدا يەرلىك مىللەت بولمىش ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان، ئېغىر ۋە سىستېمىلىق جىنايەتلەرگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلقئارا قانۇنلاردىكى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»گە خىلاپلىق قىلىغان ـ قىلمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلاندى.

ئەنە شۇ مەقسەتتە، خەلقئارا قانۇن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەتقىقاتى، خىتاينىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مەزكۇر رايون (شەرقىي تۈركىستان) ساھەلىرىدىكى نەچچە ئون مۇتەخەسسىس خىتاينىڭ دۆلەت خەۋەرلىرىدىن، ئاشكارىلىنىپ كەتكەن خىتاي خەۋەرلىرىدىن، شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن، شۇنداقلا سۈنئىي ھەمراھ رەسىم تەھلىلى ۋە خىتاي تورلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئۈچۈرلارنىڭ تەھلىلى قاتارلىق ئوچۇق مەنبەلىك تەتقىقات مېتودلىرى ئارقىلىق، شۇنداقلا مۇمكىن بولغان باشقا بارلىق مەنبەلەردىن توپلىغلى ۋە دەلىللىگىلى بولىدىغان بارلىق دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ھەقسىز تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىندى.

يۇقىرىقى تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىققان دوكلات خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىدە دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتى بار - يوقلۇقىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش ئاساسىدا جەزملەشتۈرگىلى بولىدىغان پاكىتلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدۇر. بىز يەكۈننىڭ ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. بىز بۇ ھەقتە ھەرىكەت قوللىنىش توغرىسىدا ھېچقانداق تەكلىپ بەرمەيمىز، ئەمما بىز بۇ بايقاشقا قىزىقىدىغان مۇناسىۋەتلىك ئورگان ياكى ئىشتىراكچىلار بىلەن ئۇچۇر ۋە تەھلىللىرىمىزنى ئورتاقلىشىشقا تەييارمىز.

دوكتور ئەزىم ئىبراھىم

«يېڭى لىنىيە» ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى

## بىرىنچى، تونۇشتۇرۇش

مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى (تۆۋەندە «خىتاي» دېيىلىدۇ) «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى» (تۆۋەندە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى» دېيىلىدۇ) گە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، دەپ خۇلاسە چىقىرىلدى. دوكلاتتا 2013 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن، ئالاقىدار مۇھىم ۋەقەلەر تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى ھازىرغىچە مەلۇم بولغان، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىگە ئاساس سالغان ئەڭ دەسلەپكى ھۆججەتنى ئېلان قىلغانىدى. بۇ ۋەقەلەر خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇزۇن يىللىق زىيانكەشلىك تارىخىغا ئەگىشىپ كېلىدۇ. مەزكۇر دوكلاتتا مۇئەييەن رەھبەر ياكى جىنايەتچىلەرنىڭ شەخسىي جىنايى جاۋابكارلىقى مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى خەلقئارا قانۇندىكى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»گە خىلاپلىق قىلغان دۆلەت مەسئۇلىيىتى مەسىلىسىگە قاراپ چىقىلدى.

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»نىڭ 2 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىدە كۆرسىتىلگەن چەكلەنگەن قىلمىشلارنىڭ كەم دېگەندە بىرى «مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي گۇرۇپپىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش نىيىتى بىلەن قىلىنغان» بولسا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى يۈز بەرگەن بولىدۇ.

(خىتاينىڭ) ئۇيغۇرلارنى بىر گۇرۇپپا (مىللەت) سۈپىتىدە يوقىتىش غەرىزى ئوبيېكتىپ دەلىل - ئىسپاتلارنى ئاساس قىلغان ھالدا دەلىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئىسپاتلار خىتاينىڭ ئالىي رەھبىرى شى

جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال سىياسىتى ۋە ئەمەلىي قىلمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تېخى يېقىندىلا، يەنى 2020 - يىلى 9 - ئايدىلا، شى جىنپىڭ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىستراتېگىيىسى، ئەمەلىيىتى ۋە سىياسىتىنىڭ «مۇۋەپپەقىيىتى»نى ماختاپ، ئۇنى (يەنى ئۇيغۇرلارنى ھازىرقىدەك قىرغىن قىلىشنى، ت) «پۈتۈنلەي توغرا» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە كەلگۈسى بىر نەچچە يىلدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

قانۇنىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مۇددىئاسى ياكى شۇنىڭغا سەۋەب بولغان تۈرتكە — گەرچە بۇ خىل مۇددىئا ۋە تۈرتكىلەر (ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە مەسئۇل ئەمەلدارلارنىڭ بەزى قىلمىشلار ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرسىمۇ — ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىدىكى مۇددىئا مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر. شۇڭا خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىنى «ئاشقۇنلۇق، تېررورلۇق ياكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» دەپ ئاقلاشقا ئۇرۇنۇشى دۆلەت (خىتاي)نىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسئۇلىيىتىنى يوققا چىقىرالمايدۇ. ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىستاتىستىكا ئىدارىسى»نىڭ ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، بۇ سىياسەتلەر ئاساسلىقى نوپۇسى ئومۇمىي ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ توقسان پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى نىشان قىلغان. ھۆكۈمەتنىڭ «زەھەرلىك ئۆسمىنى ئېلىۋېتىش»، «ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ... يىلتىزىنى ۋە شېخىنى يۇلۇپ تاشلاش»، «قەتئىي رەھىم قىلماسلىق»، «يىلتىزىدىن ۋەيران قىلىش» ۋە «خەتەر ئىچىدىكى خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپ ئىچىدىكى يوشۇرۇن خەۋپ»نى يوقىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقلىرىنى دۆلەتنىڭ شۇنىڭغا ماس ھالدىكى قىلمىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، خىتاينىڭ بۇ رەۋىشتە بارلىق ئۇيغۇرلارنى نىشانلىشى ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «بىخەتەرلىك ئەندىشىسى» دېگەن باھانىسىنى يالغانغا چىقىرىدۇ (يەنى شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ خىتاينىڭ ئاتالمىش دۆلەت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى زۆرۈر تەدبىرلەر بولماستىن، ئۇيغۇرلارنى كوللېكتىپ يوقىتىۋېتىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئېنىق، ت).

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىر قاتار تەرتىپلىك ۋە جۇغلانما قىلمىشلارنىڭ لوگىكىلىق نەتىجىسى بولۇپ، مەزكۇر قىلمىشلار ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ بىئولوگىيەلىك سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاشتىن پارتىيە كادىرلار ئەترىتىنى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا، ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلتۇرەل ۋە دىنىي ئورۇنلىرىنى، تىلىنى، ئەدەبىياتىنى، شېئىرلىرىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى ۋە كىملىكىنىڭ بارلىق ئاساسلىرىنى

ۋەيران قىلىنىۋېتىشكە، ئۇيغۇر دىنىي ئادەتلىرىنى جىنايەت دەپ بېكىتىشكە، شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس زىچ رايونلاردا جازا لاگېرلىرى ۋە تۈتۈپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنى قۇرۇش ۋە كېڭەيتىشكە، ئاندىن ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا، ئاندىن سىستېمىلىق مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ۋە تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى تۇغماس قىلىۋېتىشكە، كەڭ كۆلەمدە باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىشقا، ئۇيغۇر باللىرىنى غايىب بولغان ئاتا ـ ئانىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىشكە تەرەققىي قىلغان.

دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر، جۈملىدىن خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى ۋە خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى ۋە مۇئاۋىن سېكرېتارى بۇ ماسلاشتۇرۇلغان سىياسەت ۋە قىلمىشلارغا بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلغان بولۇپ، مەزكۇر سىياسەت ۋە قىلمىشلار (يۇقىرىدا خىتاينىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىدىن) تۆۋەندە جازا لاگېرلىرىنىڭ قاراۋۇللىرىغىچە بولغان بيۇروكرات ئورگانلار ۋە ئەمەلدارلار تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە ئىجرا قىلىنىپ كەلمەكتە. مەزكۇر ئۆزئارا باغلىنىشلىق ۋە ئۇنىۋېرسال ھەربىكەتلەرنىڭ خاراكتېرى مۇقەررەر ھالدا دۆلەتنىڭ نۆۋەتتە (شەرقىي تۈركىستاندا) داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنىق، ئۇنۇملۇك ۋە مۇستەھكەم كونترول قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دۆلەت (خىتاي)نىڭ ئۇنۇملۈك كونتروللۇقىدىن ھالقىغان باشقا ئامىللارغا، ياكى تاسادىپىيلىققا نىسبەت بەرگىلى بولمايدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان، تەسىس قىلىنغىنىغا ئۇزۇن بولغان، ئاشكارا ۋە قايتا ـ قايتا جاكارلانغان، قاراتمىلىققا ئىگە، سىستېمىلىق ئىجرا قىلىنغان ۋە تولۇق تەمىناتقا ئىگە سىياسەت ـ قىلمىشلىرىنى «ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىۋېتىش»تىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ دوكلاتتىكى دەلىل ـ ئىسپاتلار شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى باياناتلىرى، ھۆججەتلەر، ئىستاتىستىكا، ئاق تاشلىق كىتاب ۋە دوكلاتلار، شۇنداقلا ھەر خىل مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىللىرى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسلىق ۋە ئىككىلەمچى مەنبەلەرنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈشتىن كەلگەن. خىتاي داۋاملىق تۈردە تاشقى دۇنيانىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى ھەققىي مەنىدە مۇستەقىل زىيارەت قىلىشىنى رەت قىلىپ، رايوندىكى يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتىلغان سىياسىتىنىڭ مەخپىيلىكىنى ساقلاشقا تىرىشماقتا.

(خىتاينىڭ بۇ قەتلىئامىدىن) ئامان قالغان سانسىزلىغان كىشىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ئۈچ ئېلىپ، ئۇلارنى كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىگە، جازا لاگېرلىرىغا، تۈرمىلەرگە سولىشىدىن ياكى مەجبۇرىي ئەمگەك زاۋۇتلىرىغا ئەۋەتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن سۈكۈتتە تۇرماقتا. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شەرقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

تۈركىستاندىكى دوستلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلگەن. ئۇلار (يەنى شەرقىي تۈركىستاندىكىلەر) بەلكىم تۇتقۇن قىلىنىش ياكى تېخىمۇ ناچار ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چەتئەلدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. (چەتئەللەردە ياشاۋاتقان) گۇۋاھچىلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن (خىتاينىڭ زۇلمى توغرىسىدا) گەپ قىلىشى بارغانسېرى ئومۇملاشقان ئەھۋالغا ئايلانماقتا. شۇ ۋەجىدىن، زورلۇق ئېھتىيات ۋە بىخەتەرلىك ئەندىشىسى تۈپەيلىدىن، بۇ دوكلاتتا بىرىنچى قول ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ ئىسمى ئاشكارىلانمىدى.

## ئىككىنچى، (خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا) تەدبىقلاشقا بولىدىغان قانۇنلار

**1. «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى» («ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»)**

ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى چەكلەش كەڭچىلىك قىلىشقا بولمايدىغان مەجبۇرىي نىزام (jus cogens) بولۇپ، ئۇ خىتاي ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1949 - ، 1983 - يىللىرى ئىمزالىغان ۋە تەستىقلىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىغا كىرگۈزۈلگەن. خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى بويىچە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جازالاش ۋە سادىر قىلماسلىق مەجبۇرىيىتى ھەممە كىشىگە ياكى خەلقئارا جەمئىيەتكە قارىتا بىردەك ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتتۇر. ئەمما، خىتاي «ئۆزىنى مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ توققۇزىنچى ماددىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ دەپ قارىمايدۇ» دېيىش ئارقىلىق، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»غا تولۇق بويسۇنمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا ئۇ خەلقئارا ئەدلىيە سوتىنىڭ (ICJ) مەزكۇر ئەھدىنامىنى ئىزاھلاش، تەدبىقلاش ياكى ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك، خىتاي «رىم ئەھدىنامىسى»گە ئىمزا قويمىغان بولغاچقا، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ سوتلاش ھوقۇقىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ.

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»نىڭ 2 - ماددىسىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق تۆۋەندىكىدەك تەبىرلەنگەن:

ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەلۇم بىر مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي گۇرۇپپىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەرقانداق بىرىنى سادىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ:

(1) گۇرۇپپا ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش؛

(2) گۇرۇپپا ئەزالىرىغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش؛

(3) شۇ گۇرۇپپىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ۋەيران قىلىدۇ، دەپ قارىلىدىغان دەرىجىدە قەستەن زىيان سېلىش؛

(4) گۇرۇپپا ئىچىدە تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش؛

(5) گۇرۇپپىدىكى بالىلارنى باشقا (مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي) گۇرۇپپىغا مەجبۇرىي يۆتكەش.

2 ـ ماددا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: (1) قوغدىلىدىغان گۇرۇپپىغا قارشى (2) شۇ گۇرۇپپىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش مەقسىتىدە (3) ئېلىپ بېرىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى ياكى ھەرىكەتلىرى.

مەزكۇر دوكلات مۇشۇ ئۈچ ئامىل ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ۋۇجۇدقا چىقارغان شارائىتلارنى چۆرىدىگەن ھالدا تەييارلاندى.

2. «ۋېنا ئەھدىنامىسى» ۋە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»نىڭ ئىزاھاتى

ئەزا دۆلەتلىرىنىڭ ئارىسىدا خىتايمۇ بار بولغان «ۋېنا ئەھدىنامىسى»نىڭ 31 ـ ماددىسىدا ئەھدىنامىلەرنى ئىزاھلاش ئۆلچىمى ھەققىدە شۇنداق دېيىلگەن:

ئەھدىنامە شۇ ئەھدىنامىدىكى ئاتالغۇلارغا بېرىلگەن ئادەتتىكى مەنە بويىچە، ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنىغا، ئوبيېكتىگە ۋە مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن شەكىلدە، سەمىمىيلىك بىلەن ئىزاھلىنىدۇ.

3. دۆلەت مەسئۇلىيىتى قانۇنى

خەلقئارا قانۇن كومىتېتىنىڭ (ILC) 2001 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارادىكى ناتوغرا قىلمىشلارغا قارىتا مەسئۇلىيىتى» ناملىق دوكلاتى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»گە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىغا قارىتا، دۆلەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي خەلقئارا قانۇن قائىدىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. (خەلقئارا قانۇن كومىتېتىنىڭ تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان) مەزكۇر دوكلات ئۇيغۇرلارغا قارشى 2 ـ ماددىدا كۆرسىتىلگەن بىر ياكى بىر قانچە خىل ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغان كىشىلەر ياكى ئورگانلارنى مۇقەررەر ھالدا خىتايغا (يەنى خىتاي دۆلىتىگە) نىسبەتەن بېرىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدۇ. «دۆلەت مەسئۇلىيىتى قانۇنى»غا ئاساسەن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرى: (1) دۆلەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن «دۆلەت ئورگانلىرى» سالاھىيىتىگە ئىگە؛ (2) دۆلەت قانۇنىدا ھۆكۈمەت ھوقۇقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلېمېنتلىرىنى يۇرگۈزۈش هوقۇقى بېرىلگەن؛ (3) بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىدىغان، ياكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى ياكى ئۇنۇملۇك كونتروللۇقى ئاستىدا هەرىكەت قىلىدىغان شەخسلەر ياكى ئورگانلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغاندا دۆلەتكە نىسبەت بېرىلىدۇ.

### ئۈچىنچى، قوغدىلىدىغان گۇرۇپپا: مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي گۇرۇپپا

ئۇيغۇرلار «ئېتنىك گۇرۇپپا»نىڭ «ئورتاق كۇلتۇر، تىل ۋە ئاساسەن ئوخشاش دىنغا ئىگە» بولۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي شەرتلىرىنى تولۇق هازىرلىغان. ئەمەلىيەتتە، خىتايمۇ ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «56 مىللەت» تىزىملىكىدە ئۇيغۇرلارنى «ئاز سانلىق مىللەت» سۈپىتىدە رەسمىي ئېتىراپ قىلىدۇ. قوغدىلىدىغان گۇرۇپپا ئۇنىڭ ئاكتىپ ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىقمۇ بەلگىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇرلار تىل، كۇلتۇر، تارىخ، پەلسەپە، ئەنئەنە، ئەدەبىيات، دىن جەھەتتە ئۆزگىچە ئىجابىي خۇسۇسىيەتلەرگە ۋە زېمىن (ياكى ۋەتەن) بىلەن بولغان باغلىنىشقا ئىگە. شۇڭا، ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ قانۇن، سىياسەت ۋە ئادەتلىرىگە ئاساسەنمۇ «قوغدىلىدىغان مىللەت»تۇر.

(خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا) زىيانكەشلىك قىلىش تارىخى

هازىر (خىتايلار تەرىپىدىن) «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جايدىكى يەرلىك ئاهالىلەر 1759 ـ يىلى چىڭ ئىمپېرىيىسى بۇ رايوننى بېسىۋالغاندىن بۇيان، كونتروللۇق گاھى چىڭىپ، گاھى بوشاپ تۇرغان دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ جەرياندا، يەرلىك خەلقلەر بەزىدە خىتاينىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىپ، ئاندا ـ ساندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا، 1865 ~ 1877 ـ يىللىرى، 1933 ـ يىلى، 1944 ـ يىلى مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان. خىتاي كومپارتىيەسى 1949 ـ يىلى بۇ رايوننى بېسىۋېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىلدا مىليونلىغان خىتاي كۆچمەنلەرنى بۇ رايونغا يۆتكەپ، خىتايلارنىڭ (شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا ئىگىلىگەن) نىسبىتىنى 1953 ـ يىلدىكى 6.1 پىرسەنتتىن 1982 ـ يىلى 40.4 پىرسەنتكە يەتكۈزگەن.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، خىتاينىڭ چەكلىمىسى ئون يىلدەك (نىسبەتەن) بوشىغاندىن كېيىن، بېيجىڭ هاكىمىيىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن مىللىي ۋە دىنىي گۈللىنىشتىن تەشۋىشلىنىپ، مىللەتچىلىككە ئالاقىدار بىر قىسىم كىتابلارنى ۋە دىنىي مائارىپنى چەكلىگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش چەكلىمىلەر 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ھەسسىلەپ كۆپەيدى. بۇ مەزگىلدە خىتاي دائىرىلىرى (شەرقىي تۈركىستاندا، ئۆزلىرىنىڭ تەبىرىدىكى) «تېرورلۇق» هۇجۇمى ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولغىنىغا قارىماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشىمىغان پىكىرلەردە بولۇشىنى «تېرورلۇق» دەپ ئاتاشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ (ئۆزلىرىگە قارىتىلغان) كەمسىتىش

سىياسەتلىرىگە ۋە دەسلەپكى قەدەمدە خىتاي ئۆلكىلىرىگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈشكە نارازى بولۇشى، گۇاڭدۇڭنىڭ شاۋگۇەن شەھىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈشى بىلەن نەتىجىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن، 2009 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە نامايىش يۈز بېرىپ، بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن زوراۋانلىق ۋەقەسىگە ئايلانغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا، بىخەتەرلىك قىسىملىرى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ، يۈزلىگەن ئۇيغۇرنى غايىب قىلىۋەتكەن (بۇلار پەقەتلا خىتاي دائىرىلىرى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلار بولۇپ، ئەمەلىي سان بۇنىڭدىن نۇرغۇن ھەسسە كۆپ، ت) ۋە خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قوراللىق ساقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان، ھەربىي ماشىنىلار توختىماي يېزا ـ بازارلارنى چارلىغان، يول ـ يولدا تەكشۈرۈش پونكىتلىرى قۇرۇلغان ۋە بۇ قىلمىشلار كەم دېگەندە 2019 ـ يىلغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

خىتاي دائىرىلىرى ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىنكى مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ يۆتكىلىشى ۋە كۇلتۇرەل ئادەتلىرىگە بولغان چەكلىمىلەرنى زور دەرىجىدە چىڭىتقان. نۇرغۇن يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىلار ئارا بېرىش ـ كېلىشى قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە «قولايلىق ئالاقىلىشىش كارتىسى» ئېلىشى تەلەپ قىلىنغان. ئەنئەنىۋى بايرام ئۆتكۈزۈلىدىغان جايلار ۋە تاۋاپگاھلار تاقالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ خۇسۇسىي تىل ۋە دىنىي مائارىپى جىنايەت دەپ بېكىتىلگەن. ساقچىلار «چەكلەنگەن» كىتابلارنى ئىزدەپ ئۆيلەرگە بېسىپ كىرگەن. خىتاي يەنە بالىلارغا فاتىمە، ھۈسەيىن ۋە مۇھەممەد قاتارلىق بەكلا «ئىسلامىي» دەپ قارالغان ئىسملارنى قويۇشنى چەكلىگەن.

### 1. ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇش

خىتاي ئەمەلدارلار ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇرلارغا «قالاق»، دۆلەتكە ساداقەتسىز، «ئىشەنچسىز» ياكى تېرورچى دېگەن قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ كەلگەن. 2017 ـ يىلى، خىتاي كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى ئۇيغۇرلارنىڭ «قالاقلىقى» توغرىسىدا كۆرۈنۈشلۈك دوكلات ئېلان قىلغان. دوكلاتتا ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ بەلگىلىرى «ئىنسانىيەتكە، جەمئىيەتكە ۋە مەدەنىيەتكە قارشى، ۋاقتى ئۆتكەن روھىي ھالەتنىڭ ئىپادىسى» دەپ قارالغان. مەزكۇر تەشۋىقات دوكلاتىدا خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك پىلانى يېزا ـ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ «قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، ھورۇن تەپەككۇرى»نى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان دېيىلگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. جازا لاگېرلىرىدا ئۇيغۇرلارغا ئۆز كىملىكىنىڭ «قالاقلىقى» تەلقىن قىلىنغان ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «قالاقلىقى»نى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلانغان. بىرىنچى قول گۇۋاھلىق سۆزلىرىگە كۆرە، لاگېر قاراۋۇللىرى مەھبۇسلارغا «ھەرقايسىڭ ئادەم ئەمەس»، «ئۇيغۇر دەپ مىللەت يوق»، «ئۇيغۇر بولۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىنايەت» دېگەن. ھەتتا، بىر ۋەقەدە، مەلۇم بىر تۇتقۇنغا باسقۇنچىلىق قىلغان ۋە توك كالتەكلىك بىلەن ئۇرغاندىن كېيىن، «سەن ئادەمگە ئوخشىمايسەن» دېگەن. 2020 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىپ، رايون خەلقىنىڭ «قالاقلىقى»نى تەسۋىرلىگەن.

2. ئىلغار، كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش سىستېمىسى

1) كامېرا نازارىتى

2014 - يىلى 5 - ئايدا، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا «زوراۋان تېرورلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» ۋە «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى» قوزغىغانلىقىنى جاكارلىغان. خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستان دائىرىلىرىگە «پولات ئىستىھكام» (铜墙铁壁) بەرپا قىلىپ، «ئاسماندا تور، يەردە قاپقان» (天罗地网) قۇرۇشنى بۇيرۇغان. شۇ يىلى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ۋىلايەتلەردىكى خىتاي دائىرىلىرى (شى جىنپىڭ يوليورۇق بەرگەن) بۇ تام ۋە كۆزىتىش تورلىرىنى تۈركۈملەپ بەرپا قىلىپ، يېزىلارغا، مەسجىدلەرگە ۋە مۇھىم يول ئېغىزلىرىغا نەچچە مىڭلىغان يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى كامېرالارنى ئورنىتىپ، ئۇلارنى يۇقىرى تېخنىكىلىق قوماندانلىق مەركەزلىرىگە تۇتاشتۇرغان. 2016 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، قىسمەن شەھەرلەر بۇ كۆزىتىش سىستېمىسىغا 46 مىليون دوللار مەبلەغ سالغان، ھەتتا مەلۇم بىر ناھىيە مىڭغا يېقىن مەسجىدنىڭ ھەر بىرىگە چىراي تونۇيالايدىغان كامېرا ئورناتقان.

2) پارتىيە كادىرلىرىدىن تەركىب تاپقان «خىزمەت ئەترىتى»

2014 - يىلى، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى مەخپىي يىغىن ھەربىي تەشكىلات بولغان ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى»نى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىغا خىتاي كۆچمەنلەرنى ئېلىپ كېلىشنى تېزلىتىشكە بۇيرۇغان. ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى» شەرقىي تۈركىستاندىكى غوللۇق مۇستەملىكىچى ئورگان ۋە ئەڭ چوڭ ياختا ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ، رايوندىكى تۈرمىلەرنى، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى ۋە ئەمگەك لاگېرلىرىنى باشقۇرىدۇ، شۇنداقلا (ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ئەمەس) بىۋاسىتە خىتاي كومپارتىيەسىگە بويسۇنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە نەچچە يۈزمىڭلىغان پارتىيە كادىرلىرىنى «خىزمەت گۇرۇپپىسى» نامىدا ھەركۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇچۇر ئىگىلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. مەزكۇر خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھۆكۈمەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە يېتىپ قوپۇپ، ئۇلاردا «دىنىي ئىبادەت قىلىش»

دېگەندەك، تۇتقۇن قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان قىلمىشلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتمىسىدە، ئۆيدىكى بالىلارنى نىشانلاش ۋە سوراق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىدىغان مائارىپنى قوبۇل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ (بالىلىرى ئۈستىدىكى) نوپۇزىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. 2016 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، (ئاتالمىش) «مىللەتلەرنىڭ بىرلىكى» ۋە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» نى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىتاي كادىرلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا ئۇيغۇر ئائىلىلەر (ئاساسلىقى تۇتقۇندىكىلەرنىڭ ئائىلىسى) بىلەن «قوشماق تۇغقان» قىلىدىغان پروگراممىغا ئۆزگەرتىلگەن. پروگرامما يولغا قويۇلغان. (مەزكۇر پروگراممىغا كۆرە) بۇ كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ «ساددا تۇغقانلىرى»نى كەم دېگەندە ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا بەش كۈندىن يوقلاپ، «دېھقانلار تۇرمۇشى»نىڭ ئەڭ خۇسۇسىي تەرەپلىرىگىچە ئارىلىشىشى، شۇ ئائىلىدىكى مەينەتچىلىك ۋە دىنىي ئېتىقادنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق «مەسىلە»نى «تۈزىتىشى» ۋە بۇ جەرياندىكى بارلىق پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئىگىلىنىشچە، كادىرلار ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى سۈپىتىدە، ئۇلار بىلەن بىر كارىۋاتتا ئۇخلايدىكەن. بىرىنچى قول مەلۇماتلارغا كۆرە، بۇ جەرياندا، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋە باسقۇنچىلىق قىلىشمۇ ئومۇملاشقان. بۇنىڭدىن سىرت، شەرقىي تۈركىستاندىكى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇيغۇرلارنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا زورلىغان، رىغبەتلەندۈرگەن ۋە بۇ جەھەتتە سىجىل كۈچ چىقارغان. مەزكۇر سىياسەت خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 2014 ـ يىلىدىكى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئىشتىراك قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىنىدىن مەنبەلەنگەن. خىتاي ـ ئۇيغۇر ئائىلىرى توي خېتى ئالغاندىن كېيىن، رايون دائىرىلىرى ئۇلارغا يىللىق تولۇقلىما پۇلى بەرگەن، شۇنداقلا مائارىپ ۋە كەسپىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلەر بىلەن تەمىنلىگەن. دائىرىلەر يەنە ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا قىستاپ، بۇنىڭغا ئۇنىمسا ئۆزىنى ياكى ئائىلە ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان.

3) چېن چۈەنگونىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا «ساقچى دۆلىتى»نىڭ كېڭىيىشى

2016 ـ يىلى، چېن چۈەنگو خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى ۋە «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسمىلىرى»نىڭ بىرىنچى سىياسىي كومىسسارى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ 2016 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى نۇتقىدا، ئۆزىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى سىياسىي كۈنتەرتىپىنى بايان قىلىپ، بىخەتەرلىك خادىملىرىغا تېرورلۇق، ئاشقۇنلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىكتىن ئىبارەت «ئۈچ خىل كۈچ»كە ئاكتىپ ۋە سىستېمىلىق قارشى تۇرۇش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن. ئۇ يەنە شەرقىي تۈركىستاندا بىخەتەرلىك قىسىملىرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۆپەيتىپ، تۇنجى يىلى بىخەتەرلىك تارماقلىرىغا 100 مىڭ 680 خىزمەتچى ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇ شۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىكى ئالتە يىلدىكى ئوتتۇرىچە سانىنىڭ 13 ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. ئۇ بۇ رايوننى «ئىجتىمائىي مۇقىملىق»نى ئىجرا قىلىشتا مەسئۇل ئەمەلدارلار نازارەت قىلىدىغان بىر قانچە مىڭ مەھەللە (ياكى خىتايلارنىڭ تەبىرى بويىچە «ئىجتىمائىي رايون»)گە ئايرىغان. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەر ـ بازار، يېزا ـ كەنت ۋە چوڭ دوقمۇشلاردا مىڭلىغان «قولايلىق ساقچى پونكىتى» تەسىس قىلغان. ئۇ 2011 ـ يىلى تىبەت ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە سېكرېتارى بولغان مەزگىلدىن باشلاپلا، شەھەر مەركىزىدىكى ھەر 300 مېتىردىن 500 مېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇشۇنداق پونكىتلارنى تەسىس قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ يەنە مەجبۇرىي سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىئولوگىيىلىك سانلىق مەلۇماتلارنى يىغقۇزۇپ، رايوندىكى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە كۆزىتىش ۋە ئىز قوغلاش سىستېمىسىنى كۈچلەندۈرگەن. ئىگىلىنىشچە، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى يېرىمىغا يېقىن ئاھالىنى تۇتقۇن قىلىش، ئەگەر (مۇناسىۋەتلىك) ئەمەلدارلار بۇ «نورما»نى ئادا قىلالمىسا، شۇ ئەمەلدارلارنى تۇتقۇن قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. (شۇنداقلا، بۇ تەھدىتنىڭ ئەمەلىيىتى سۈپىتىدە) چېن چۈەنگو قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى مەلۇم بىر ناھىيەنىڭ رەھبىرى ۋاڭ يوڭجى قاتارلىق «سىياسەتكە ماسلاشمىغان» ئەمەلدارلارنى تازىلاپ، ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلغان. ۋاڭ يوڭجىنىڭ ئىقرارنامىسى ۋە تەپسىلىي دوكلاتى شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئەمەلدارلارغا ئاگاھلاندۇرۇش سۈپىتىدە تارقىتىلغان. ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاندا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىلمىشلىرى سەۋەبلىك جازالانغان مىڭلىغان ئەمەلدارلار بار.

### 4) بىئولوگىيەلىك سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش ۋە رەقەملەشكەن نازارەت

2016 ـ يىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى (شەرقىي تۈركىستاندىكى) «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» (一体化联合作战平台) دەپ ئاتالغان نازارەت سىستېمىسىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىلىرىنىڭ يۈزىنى سكانىرلاپ، كۆرۈش تور پەردىسىنى تەكشۈرۈپ، ئاۋازىنى، قەدەم ئىزىنى، بارماق ئىزىنى، DNA سىنى ئېلىپ ۋە قان تىپىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىئولوگىيەلىك سانلىق مەلۇماتلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا توپلاشقا باشلىغان. خىتاي دائىرىلىرى 2016 ـ يىلىدىن 2017 ـ يىلىغىچە، ئەينى چاغدا 24.5 مىليون نوپۇسى بار شەرقىي تۈركىستاندا 36 مىليون قېتىم بىيولوگىيەلىك سانلىق مەلۇمات توپلىغان (يەنى سانلىق مەلۇمات توپلاش نىسبىتى نوپۇسنىڭ بىر يېرىم ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ بارلىق كىشىلەرنىڭ بىيولوگىيەلىك سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ تولۇق توپلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ).

«بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» ۋىدىيو كامېرالىرى، wifi تورى، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتلىرى ئارقىلىق، شۇنداقلا ئەقلىيفونلار ۋە باشقا خۇسۇسىي ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان ئاھالىلىرىنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى تىزىملايدىغان چوڭ بىرىك سىستېمىسى بولۇپ، مۇئەييەن ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۇتقۇن قىلىشقا تېگىشلىك «گۇماندار»لارنىڭ تىزىملىكىنى تۈرگۈزىدۇ. ساقچى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ يانفون يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» بىلەن ئالاقىلىشىشى تەلەپ قىلىنغان. 2017 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، بىخەتەرلىك خادىملىرى يەتتە كۈن ئىچىدە نوقۇل «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى»نىڭ يەكۈنىگە ئاساسلىنىپلا، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىكى 15 مىڭ 683 كىشىنى جازا لاگېرلىرىغا سولىغان، 706 كىشىنى قولغا ئالغان ۋە 2096 ئادەمنى «ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك نازارەت» ئاستىغا ئالغان.

2017 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىخەتەرلىك ئەمەلدارى جۇ خەيلۇننىڭ (朱海仑) قوماندانلىقىدىكى «پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى زەربە ۋە ھۇجۇمغا قوماندانلىق قىلىش شتابى» شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» ۋە يەرلىك كۈچلەر بىلەن قانداق ماسلىشىپ، ئۇيغۇرلارنى نىشانلاش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىلگەن بىر قاتار ھۆججەت ياكى ئۇقتۇرۇشلارنى تارقاتقان. ھۆججەتلەردە «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» توپلىغان، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن لايىھەلەنگەن مەلۇم بىر يۇمشاق دېتالنى ئىشلەتكەن، ئارىسىدا مىڭلىغان «ئىجازەتسىز ئىمام»مۇ بار بولغان ئىككى مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلار نەقىل قىلىنىپ، يەرلىك دائىرىلەر ئۇلارنى «بىرمۇبىر» تەكشۈرۈپ، لايىقىدا «زەربە بېرىش»كە بۇيرۇلغان.

### 3. «قانۇنىي»لاشتۇرۇلغان زىيانكەشلىك ۋە قانۇندىن ھالقىغان ھالدا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش

2016 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، يەرلىك ساقچى تارماقلىرى شەرقىي تۈركىستان ئاھالىلىرىنىڭ پاسپورتىنى مۇسادىرە قىلىشقا باشلىغان. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەدلىيە تارماقلىرى ئۆزلىرى «تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش مەركىزى» دەپ پەردازلايدىغان تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى ياكى جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. 2016 ـ يىلى يېڭى «چېگرا سىرتىدىكى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى 2017 ـ يىلى 4 ـ ئاي ۋە 5 ـ ئايلاردا يېڭى «رادىكاللىقنى يوقىتىش» نىزامنامىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ماقۇللاپ، دىنىي تەبلىغ ياكى ماتېرىياللارنى تارقىتىش، (مۇھەممەد، مۇجاھىد دېگەندەك) مۇئەييەن ئىسىملارنى قويۇش، «تەرتىپسىز» ساقال قويۇش ۋە (ھىجاب، يەكتەك دېگەندەك) بەزى كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىش قاتارلىق بارلىق ئىسلامىي قىلمىشلارنى تامامەن دېگۈدەك جىنايەت دەپ بېكىتكەن ۋە بۇ ئىشلارنى تۈرمۈشنىڭ پۇتكۇل ساھەلىرىدىن يوقىتىشقا چاقىرغان. بۇ نىزامنامىنىڭ 14 ـ ماددىسىدا «قىلمىشنى توغرىلاش» ۋە باشقا مۇجمەل «تەربىيەلەش» شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى ھەققىدىكى رەسمىي تەستىقتۇر.

رەسمىي جىنايى ئىشلار ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان ۋە (شەرقىي تۈركىستاندا) ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولغان تۈرمىلەر بىلەن جازا لاگېرلىرى ئارىسىدا پەرق بار. ئەمما، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئەمەلدارلارنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر جازا لاگېرلىرى رەسمىي تۈرمىلەرگە قامىلىشتىن ئىلگىرىكى ئۆتكۈنچى مۇئەسسەسەلىك رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارنى (تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىدىن ئىبارەت) ھەر ئىككى سىستېمىغا سولاشنى پىلانلىغان.

2018 ـ يىلى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كادىرلىرىغا «تۇتۇپ تۇرۇلۇشى كېرەك بولغانلارنى ئەڭ زور چەكتە تۇتۇپ تۇرۇش» بۇيرۇقى چۈشكەن. يەرلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ ھەر بىر ئائىلىدىن كەم دېگەندە بىر ئەزانىڭ ئاز دېگەندە بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە «كەسپىي تەربىيەلەش»نى قوبۇل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشقا بۇيرۇلغان. 2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى دېھقانچىلىق تارماقلىرى: «بەزى ئۆيلەردە پەقەت ياشانغانلار، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارلا قالغان» دېگەن مەزمۇندا بايانات ئېلان قىلغان. كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشتىن سىرت، شەرقىي تۈركىستاندىكى سوت مەھكىمىلىرىدىكى رەسمىي ئەرز ۋە جازا ھۆكۈم قىلىش سانى 2017 ـ ۋە 2018 ـ يىللىرى شىددەت بىلەن ئېشىپ، 350 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئالدىنقى يىللاردا ھەر يىلدىكى ئەرزلەرنى سانى 30 مىڭغا يەتمەيتتى. يېقىندىن سېلىنغان ياكى كېڭەيتىلگەن لاگېرلاردىكى مەھبۇسلارنىڭ سانى تەخمىنەن بىر مىليوندىن ئىككى مىليونغىچە بولۇپ، بۇ تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش دولقۇنىدا رەسمىي جازا بېرىلگەنلەرنىڭ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

«ئاقسۇ تىزىملىكى» ۋە «قاراقاش تىزىملىكى» دەپ ئاتالغان ئىككى پارچە ھۆكۈمەت ھۆججىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈگىمەس تۇتقۇن قىلىش ـ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش دەۋرىيلىكىنىڭ ئارقىسىدىكى مېخانىزمنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق مەلۇماتلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. مەزكۇر تىزىملىكلەر مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ـ ئوقۇمايدىغانلىقى، مەسچىتكە بارىدىغان ـ بارمايدىغانلىقى، روزا تۇتىدىغان ـ تۇتمايدىغانلىقى ياكى باشقا ئاساسلىق دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ـ شۇغۇللانمايدىغانلىقى قاتارلىق

ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تۇتقۇن قىلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى «1980 ـ يىلىدىن كېيىن تۇغۇلغان»، «ئىش ـ ھەرىكەتلىرى گۇمانلىق»، «ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى مۇرەككەپ »، «نامۇۋاپىق (جىنسىي) مۇناسىۋەتتە بولغان» ياكى «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغان» دېگەندەك مۇجمەل، ھەممىگە تەدبىقلىغىلى بولىدىغان كاتېگورىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ لاگېرلارغا سولانغان ئۇيغۇرلار بالىلىرىنىڭ دىنىي ئىبادەت قىلغانلىقى، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ لاگېردىكى قىيناشلارغا قارىتا «غۇم ساقلىغانلىقى» قاتارلىق «جىنايىتى» سەۋەبلىك، لاگېردىكى تۇتقۇنلۇق مۇددىتى تېخىمۇ ئۇزارتىلغان.

(لاگېرلارغا مۇناسىۋەتلىك سىتىۋېلىش تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) 2017 ـ ۋە 2018 ـ يىللىرىدىكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىگە كۆرە، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قولغا ئېلىنغانلارنى قاتتىق كونترول قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا توك كالتەكى، «بۆرە چىشى» دەپ ئاتىلىدىغان تۆمۈر چىشلىق توقماقلار، نەيزە، توك تاپانچىسى، تور مىلتىقى، ياش ئاققۇزۇش بومبىسى، قارىمۇچ پۇركۈگۈچ، ساقچى فورمىسى ۋە كويزا قاتارلىق بىر قاتار قورال ۋە تۈرمە بۇيۇملىرى بېرىلگەن. ئىگىلىنىشچە، تۇتقۇنلار جازا لاگېرلىرىغا ئەكىرىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ ئەۋرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن بەدىنى تەكشۈرۈلگەن. ئاندىن بېشىغا خالتا كىيگۈزۈلۈپ، پۇت ـ قوللىرىغا زەنجىر ـ كىشەن سېلىنغان ھالدا لاگېرغا ئەكىرىلىپ، قاراۋۇللارنىڭ ئالدىدا پۈتۈن كىيىملىرىنى سېلىشقا مەجبۇرلانغان ۋە چېچى چۈشۈرۈۋېتىلگەن. ئاندىن «تەربىيەلىنىش» مەجبۇرىيىتى بار بۇ تۇتقۇنلار (لاگېردىكى) قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلمىسا جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلانغان. قاراۋۇللار كامېرنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىغان نازارەت كامېراسى ئارقىلىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى نازارەت قىلغان ۋە ھەربىي ئۇسلۇبتىكى مەشىق ۋە «تەربىيەلەش»تە شۇنچىكى نۇقسان سادىر قىلغانلارنى جازالىغان.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلاردا مېھماندوستلۇق ۋە مېھماندارچىلىق ئەدەبلىرى

ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار

# ئۇيغۇرلاردا مېھماندوستلۇق ۋە مېھماندارچىلىق ئەدەبلىرى

ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار

## ئۇيغۇرلاردا مېھماندوستلۇق

مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ياخشى ئەنئەنىسى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆيگە مېھمان كەلسە «بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. مېھماندوستلۇق نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئىپادىلىنىدۇ.

1. ئۆيگە كەلگەن مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئالاھىدە داستىخان سېلىنىدۇ. ئەقەللىيسى، قايناق سۇ، زاغرا بىلەن بولسىمۇ مېھمان قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقى ھېيت-ئايەملەردە ئالاھىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ.

2. مېھمان ھۆرمەتكە سازاۋەر. مېھمانغا چاي ياكى تاماق پەتنۇس بىلەن سۇنۇلىدۇ. نائىلاج بىر قول بىلەن بېرىش توغرا كېلىپ قالسا «بىر قولۇم بولۇپ قالدى، ئەپۇ قىلسىلا» دەپ ئۆزرە ئېيتىلىدۇ. شۇنداقلا مېھمان ياكى چوڭلارنىڭ قولىدىن بىر نەرسە ئالغاندىمۇ ئىككى قوللاپ ئېلىش-بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئادىتى. مېھمانغا چاي قۇيغاندا ياكى باشقا نەرسە سۇنۇلغاندا، ئوڭ قول ئىشلىتىلىدۇ. سول قولنى ئىشلىتىش مېھمانغا نىسبەتەن تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

3. ئەر-خوتۇن دەرقەم تۇرۇپ مېھمان كۈتۈۋاتقاندا، ئۆي ئىگىسى بولغان ئايال ئەر مېھمانغا توغرىدىن - توغرا چاي ياكى تاماق سۇنمايدۇ. پەقەت ئېرى ئارقىلىق سۇنىدۇ.

4. مېھمانغا چاي قۇيۇلغان ياكى تاماق ئۇسۇلغان قاچىنىڭ پۇچۇق ياكى دەز بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ. ئەگەر دىققەتسىزلىكتىن دەز ياكى پۇچۇق قاچىدا چاي ياكى تاماق كەلتۈرۈپ قالغان بولسا، ئۆي ئىگىسى سەزگەن ھامان يەڭگۈشلىۋاتىدۇ ۋە مېھماندىن ئەپۇ سورايدۇ. مېھمانغا چاي قۇيغاندا پىيالىنى تولدۇرۇپ قۇيمايدۇ، چاينى پىيالىنىڭ ئوتتۇرىغا قۇيۇپ كۆپۈكلەشتۈرۈۋېتىش ناھايىتى ئەيىب بولىدۇ. شۇڭا چاي پىيالىنىڭ يان تەرىپىگە قۇيۇلىدۇ. پىيالىدىكى كونا چاي ئۈستىگە يېڭى چاي قۇيۇلماستىن، كونا چاينى تۆكۈۋېتىپ چاينى يېڭىلايدۇ.

5. مېھمان كاڭلىق ـ سۇپىلىق ئۆيگە باشلانغان بولسا، مېھماننىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىنىدۇ.

6. ئۆيگە كەلگەن مېھمان ئىشىك ئالدىدا ياكى دەرۋازا سىرتىدا ئۇزىتىپ قويۇلىدۇ. ئىشىكتىن چىقماي ئۇزىتىپ قويۇش مېھمانغا نىسبەتەن ناھايىتى ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

7. بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئۇلاغلىق مېھمان كەلسە، ئۆي ئىگىسى ئۆيىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالغاندىن سىرت، مېھماننىڭ قولىدىن ئۇلاغنى ئېلىپ باغلايدۇ. مېھمان يانار ۋاقتىدا ئۆي ئىگىسى ئۇلاغنى يېشىپ كېلىپ، مېھماننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئۇلاغقا مىنگۈزۈپ قويىدۇ.

## داستىخان ئۇستىدە

كۆپ ھاللاردا توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ قاتارلىق مەرىكىلەردە، مېھماندارچىلىقتا تونۇغان ـ تونۇمىغان، ياشانغان ۋە ياشلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەب ـ ئەخلاققا دائىر بىر مۇنچە قائىدە ـ يوسۇنلار بولىدۇ:

1. چوڭلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغاندا، تاماققا چوڭلار قول ئۇزاتمىغۇچە قول ئۇزىتىش تولىمۇ ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. «قېنى ئېلىپ بەرسىلە» دەپ چوڭلارنى تەكلىپ قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر. شۇنداقلا ساھىبخان تاماققا تەكلىپ قىلمىغۇچە تاماققا قول سۇنۇپ تاماقنى يېيىشكە باشلاش ـ بۇمۇ ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. باشقىلار بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېگەندە، ئۆز ئالدىنى قويۇپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا قول ئۇزىتىش ـ بۇمۇ ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا قاچىدىكى تاماقنى ئېلەشتۈرۈپ قوچۇش تولىمۇ ئەدەبسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. تاماق ۋاقتىدا گەپدانلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ كەيپىنى بۇزۇش ئەيىبلىك ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. تاماقنى ئاشۇرۇپ قويۇش، تاماقنى پاكىز يېمەي، قاچىدا تاماق يۇقۇندىلىرىنى قالدۇرۇش بۇمۇ ناچار قىلىقلاردىندۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئادەتلىرىدىن بىرى يېمەك ـ ئىچمەكنى زايە قىلماسلىق، ئۇنى قەدىرلەش، شۇڭا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ياكى داستىخانغا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋېلىپ ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ.

5. داستىخان ئۈستىدە چۈشكۈرۈش، يۆتىلىش توغرا كەلگەندە، قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇننى توسۇۋېلىش ـ بۇ ئەدەبنىڭ بەلگىسى. شۇنىڭدەك داستىخان ئۈستىدە ياكى بىراۋنىڭ

يېنىدا مىشقىرىش، قاقىرىش ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، داستىخان ئۈستىدە چىش كولاش، قاتتىق كېكىرىشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر چىشنى كولاشقا توغرا كەلسە، ئېغىزنى ئالىقان بىلەن توسۇپ تۇرۇپ كولايدۇ. داستىخان ئۈستىدە ۋە باشقىلار يېنىدا ئەسنەپ كېرىلىشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

6. داستىخانغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ھەممە ئادەم قولىنى چايقايدۇ. شۇنداقلا چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىنمۇ قول يۇيىدۇ. قولنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قول لۆڭگە بىلەن ئېرتىلىدۇ. قولنى سۈرتمەستىن قولنى سىلكىش ئەيىب ئىشلار بولۇپ سانىلىدۇ.

7. بىراۋ داستىخان ئۈستىگە كىرىپ كەلسە، ئۇنى«كەلسىلە» «داستىخانغا كەلسىلە» دەپ داستىخانغا تەكلىپ قىلىشمۇ ئەڭ ياخشى ئەخلاقىمىز.

8. ياشانغان ئادەملەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە يالاڭباشتاق ئولتۇرۇش ـ باشقىلار تەگەيدىغان ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا نەزىر ـ چىراغ، ئۆلۈم ـ يېتىم مەرىكىلىرىگىمۇ يالاڭباشتاق بېرىش ئەيىب ئىشلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇنى جامائەت تەگەيدۇ.

9. باشقىلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە داستىخان يىغىلماي تۇرۇپ ( دۇئا قىلىنماي تۇرۇپ ) ياكى باشقىلار تاماقنى يەپ بولماي تۇرۇپ، داستىخاندىن تۇرۇپ كېتىش ناھايىتى ئەدەبسىزلىك بولىدۇ.

ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار قاتارلىقلار بىرلىشىپ تۈزگەن «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ناملىق كىتابتىن ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى تەييارلىدى.

www.uyghurkitap.com



# تالىبان كىم؟

# تالىبان كىم؟

ئەمەلىيەت قاتتىق قول ئىسلامىي تالىبان ھەرىكىتىنىڭ ئافغانىستاندىكى قورقۇنچلۇق ئۇرۇش كۈچى ۋە ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ئۈچۈن زور تەھدىت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

2001 ـ يىلى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچىلىقتا ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ تەشكىلات بارا ـ بارا كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھازىر شۇ ۋاقىتتىن بۇيانقى ھەرقانداق چاغدىكىدىن تېخىمۇ كۆپ زېمىنىنى تىزگىنلەپ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

تالىبان قاتتىق قول دىنىي ئالىم مەۋلەۋى ھىبەتۇللاھ ئاخۇنزادەنىڭ (Hibatullah Akhundzada) رەھبەرلىكىدە، 2018 ـ يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكا بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلەشتى، ھەر ئىككى تەرەپ نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئۇزاققا سوزۇلغان توقۇنۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىشماقتا.

پۇشتۇ تىلىدا «ئوقۇغۇچىلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «تالىبان» 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەرلىرى ئافغانىستاندىن چېكىنگەندىن كېيىن، پاكىستاننىڭ شىمالىدا مەيدانغا كەلگەن.

پۇشتۇلارنى ئاساس قىلغان بۇ ھەرىكەت ئەڭ دەسلەپتە، كۆپىنچىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەبلىغىگە تايىنىدىغان، سۈننىي مەزھەپنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىدىغان دىنىي مەكتەپلەردە پەيدا بولغان دەپ قارىلىدۇ.

تالىباننىڭ ـ پاكىستان ۋە ئافغانىستاننى كېسىپ ئۆتىدىغان پۇشتۇ رايونلىرىدا ـ بەرگەن ۋەدىسى تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شۇنداقلا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان ھامان، ئۆز شەرىئىتىنى ياكى ئىسلام قانۇنىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

تالىبان ئافغانىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىن باشلاپ، تەسىر كۈچىنى تېزلا كېڭەيتتى.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇلار ئىران بىلەن چېگرالىنىدىغان ھىرات ئۆلكىسىنى قولغا كىرگۈزدى.

شۇنىڭدىن دەل بىر يىل ئۆتكەندە، ئۇلار ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان پرېزىدېنت بۇرھانۇددىن رەببانىنىڭ (Burhanuddin Rabbani) ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

1998 ـ يىلغا كەلگەندە، تالىبان ئافغانىستاننىڭ 90 پىرسەنتكە يېقىن زېمىنىنى كونترول قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى قوغلانغاندىن كېيىن، مۇجاھىدلارنىڭ ئىچكى جېدەل ـ ماجىرالىرىدىن بىزار بولغان ئافغانىستانلىقلار، تالىبان ئوتتۇرىغا چىقىشى ھامان ئۇلارنى قارشى ئالدى.

تالىباننىڭ دەسلەپتە ئالقىشلىنىشى ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ چىرىكلىكنى تۈگىتىش، قانۇنسىزلىقنى تىزگىنلەش، شۇنداقلا يوللارنى ۋە ئۆز كونتروللۇقىدىكى رايونلارنى سودىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن خەۋپسىزلەشتۈرۈش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىدىن مەنبەلەنگەندى.

تالىبان قاتىللارغا ۋە زىنا قىلغۇچىلارغا ئاشكارا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش، ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەنلەرنىڭ قولىنى كېسىش دېگەندەك ئىسلامىي جازالارنى يولغا قويىدى ياكى قوللىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى
www.uyghurkitap.com

(تالىباننىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدىكى ئافغانىستاندا) ئەرلەرنىڭ ساقال قويۇشى، ئاياللارنىڭ بۇرقا (ئاياللارنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى تولۇق ئوراپ تۇرىدىغان پۈركەنجە) كىيىشى تەلەپ قىلىندى.

تالىبان تېلېۋىزور، مۇزىكا ۋە كىنولارنى چەكلىدى. ھەمدە ئون ياش ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ ياشتىكى قىزلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنى چەكلىدى.

ئۇلار (غەيرىي دىندىكىلەر تەرىپىدىن) تۇرلۇك كۇلتۇرەل دەپسەندىچىلىك بىلەن ئەيىبلەندى. 2001 ـ يىلى، تالىبان خەلقئارانىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى داڭلىق بامىيان بۇددا ھەيكەللىرىنى چېقىپ تاشلاپ، بۇ جەھەتتىكى قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقاردى.

پاكىستان ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ تالىبان تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ كەلدى.

ئەمما دەسلەپتە بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان نۇرغۇن ئافغانىستانلىقلارنىڭ پاكىستاندىكى مەدرىسلەردە ئوقۇغانلىقىدا زەررىچە شەك يوق.

تالىبان ئافغانىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيتىنى سەئۇدى ئەرەبىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە پاكىستاندىن ئىبارەت ئۈچلا دۆلەت ئېتىراپ قىلغانىدى.

شۇنداقلا، پاكىستان يەنە تالىبان بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەڭ ئاخىردا ئۈزگەن دۆلەتتۇر.

تالىبان بىر مەھەل ئۆز كونتروللۇقىدىكى غەربىي شىمالدىكى رايونلاردىن پاكىستانغا زەربە بېرىمىز دەپ تەھدىت سالدى. تالىباننىڭ پاكىستاندىكى بارلىق ھۇجۇملىرى ئىچىدە خەلقئارادا ئەڭ ئېغىر تەنقىدكە ئۇچرىغان قىلمىشلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدىغىنى 2012ـ يىلى ئۆكتەبىردە يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مالالا يۇسافزاي (Malala Yousafzai) مىنگورا بازىرىغا قايتىش يولىدا تالىباننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىدى.

ھالبۇكى، بىر قېتىملىق چوڭ ھەربىي ھۇجۇم تالىباننىڭ (پاكىستاندىكى) تەسىرىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاتتى. 2013 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىدا پاكىستان تالىبانلىرىنىڭ كەم دېگەندە ئۈچ مۇھىم ئەرباب قازا قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ گۇرۇپپىنىڭ رەھبىرى ھاكىمۇللاھ مەخسۇدمۇ (Hakimullah Mehsud) بار ئىدى.

«ئەلقائىدە»نىڭ پاناھگاھى

2001 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىردە دۇنيا سودا مەركىزىگە قىلىنغان ھۇجۇمدىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى تالىبان پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

تالىبان بۇ ھۇجۇمنى تەشكىللىدى دەپ قارالغان ئۇسامە بىن لادىن ۋە باشقا تەشكىلاتىغا پاناھلىق بەردى، دەپ ئەيىبلەندى.

2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئىتتىپاق ئافغانىستانغا بېسىپ كىردى ۋە 2001ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بىرىنچى ھەپتىسى تالىبان ھاكىمىيتى ئاغدۇرۇلدى.

تالىبانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەھبىرى موللا مۇھەممەد ئۆمەر ۋە باشقا كاتتىباشلىرى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تۇتقۇن قىلىش ئوبيېكتلىرىدىن بولۇشقا قارىماستىن، تۇتۇلۇشتىن ئامان قالدى.

خەۋەر قىلىنىشىچە، تالىبانىنىڭ نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى پاكىستاننىڭ كۇئېتتا (Quetta) شەھىرىدە پاناھلىنىپ، شۇ يەردە تالىبانغا رەھبەرلىك قىلدى.

ئەمما ئىسلامئاباد دائىرىلىرى «كۇئېتتا شۇراسى»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلدى.

گەرچە چەتئەل ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئۆزىنىڭكىدىن كۆپ بولسىمۇ، تالىبان ئاستا - ئاستا تەسىر كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە كېيىنچە تېخىمۇ زورايتىپ، ئافغانىستاننىڭ نۇرغۇن رايونلىرىنى قايتىدىن مۇقىمسىزلىققا دۇچار قىلدى ۋە بۇ دۆلەتتىكى توقۇنۇشلار 2001 - يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئەۋجىگە چىقتى.

تالىبان كابۇلغا نۇرغۇن قېتىم ھۇجۇم قىلدى. شۇنداقلا، 2012 - يىلى 9 - ئايدا، ناتو (شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى)نىڭ (ئافغانىستاننىڭ ھىلمېند ۋىلايىتىدىكى) بازىسىغىمۇ كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى.

2013 - يىلى تالىبان قاتاردا ئىشخانا تەسىس قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا، تىنچلىق سۆھبىتى ئۈتكۈزۈش ئۈمىدى تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئىككىلا تەرەپ بىر - بىرىگە ئىشەنمىگەچكە، توقۇنۇش داۋاملاشتى.

2015 - يىلى 8 - ئايدا تالىبان موللا ئۆمەرنىڭ ئۆلۈمىنى ئىككى يىلدىن كۆپرەك يوشۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

كېيىنكى ئايدا مەزكۇر تەشكىلات بىر نەچچە ھەپتىلىك ئىچكى نىزاغا خاتىمە بېرىپ، موللا ئۆمەرنىڭ مۇئاۋىنى بولغان موللا مەنسۇرنى يېڭى رەھبەر دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلىقىنى جاكارلىدى.

ئالاھەزەل شۇنىڭ ئالدى - كەينىدە، تالىبان 2001 - يىلى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆلكە مەركىزىنى كونترول قىلىپ، ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم شەھەر قۇندۇزنى قولغا كىرگۈزدى.

موللا مەنسۇر 2016 - يىلى 5 - ئايدا ئامېرىكا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، مۇئاۋىنى مەۋلەۋى ھىبەتۇللاھ ئاخۇنزادە ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى.

(ئاخۇنزادە رەھبەرلىكىدىكى تالىبان ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن رەسمىي يوسۇندا سۆھبەتكە ئولتۇرۇشى دۇنيا سىياسى تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپىنى ئېچىپ بەردى. ـ ت)

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.bbc.com/news/world‑south‑asia‑11451718



# ئوقۇش ھاياتىدىكى ئەسلىمىلىرىم

گۈلنىسا قەيسەر

# ئوقۇش ھاياتىمدىكى ئەسلىمىلىرىم

گۈلنىسا قەيسەر

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

تولۇقسىز ئوتتۇرىدا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن ئۈچ ئوغۇل، تۆت قىز يەتتەيلەن ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردۇق. شۇ يىلى پۈتۈن يېزىمىز بويىچە تولۇق ئوتتۇرىغا ئوقۇشقا كىرگەنلەر ئەللىكتىن ئاشاتتى. ياتاقلىق مەكتەپ مۇھىتىدا ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ ئوقۇش، مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ تامىقىغا كۆنەلمەسلىك، ھەر خىل مىجەز ـ خۇلۇقتىكى بالىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇش بېسىمىدىن سىرت كىيىم ـ كېچەك، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش تەرەپلەردە زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىم، كۆپ قېتىم تەنقىدلەندىم. يېزىدىكى ئوقۇش ھاياتىمدا مەكتەپ فورمىسى ئومۇملاشمىغاچقا مۇسۇلمان قىزچاققا خاس يارىشىملىق كۆينەك، ياغلىقلار بىلەن كىيىنىپ يۈرەلەيتتىم. ھەم ئۇ زامانلاردا يۈرتىمىزدىمۇ يالاڭباش يۈرىدىغان ئاياللار يوق ئىدى. ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاياللار ۋە بىر قىسىم مودا ئاياللار بېشىنىڭ يېرىمىغا بولسىمۇ ياغلىق چېگىپ يۈرەتتى. زىيادە چاكىنا، ئالا ـ بۇلماچ، يېرىم ـ يالىڭاچ كىيىنىدىغانلار ئاساسەن ئۇچرىمايتتى. پەقەت باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئايال ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ياغلىق چەگمەيدىغان ئىككى ـ ئۈچى بولاتتى. تولۇق ئوتتۇرىدا ياغلىق چېگىدىغان ئايال ئوقۇتقۇچىلار يوق ئىدى، قېنىق گىرىم ۋە زىيادە تار كىيىملەر بىلەن يۈرىدىغان «مودا خانىملار» مۇ ئۇچرايتتى. مەن ئوقۇغان چاغدا ناھىيىمىزدىكى تولۇق ئوتتۇرىدا ياغلىق چېگىدىغان قىز ئوقۇغۇچىلار ئون پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇغۇچىلار چوقۇم مەكتەپ فورمىسى كىيىشى كېرەك ئىدى. قىز ـ ئوغۇل بىر تۇتاش كىيىدىغان مەكتەپ فورمىسى مېنى كۆينەكلىرىمدىن ئايرىۋەتتى. لېكىن ياغلىقىمنى ئېلىۋېتىشتە ئىزچىل كاجلىق قىلىپلا تۇرىۋالدىم. باشقا يېزىدىن كىرگەنلەر ئارىسىدا ياغلىق چېگىدىغانلارمۇ، ياغلىقنى ئېلىۋەتكەنلەرمۇ بار ئىدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە شەھەرلىك ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ياغلىقىمىزنى مەسخىرە قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەن ئىدى. مەكتەپ فورمىسى بىلەن ياغلىق چېگىش قەتئىيلا ياراشمايدىغان

بولسىمۇ، پەرۋاسىز ھالەتتە شۇنداق يۈرۈۋەردىم. ئەمما ناماز ئوقۇشۇم تولىمۇ جاپالىق بولدى. سەككىز سائەتلىك مۇقىم دەرستىن سىرت ياتاقتا ياتىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئۈچ سائەتلىك كەچلىك مۇزاكىرە بار ئىدى. پېشىنى چۈشلۈك ئارام ۋاقتىدا ئوقۇۋالاتتىم، ئەسىر نامىزىنى ياز كۈنلىرى كەچلىك تاماق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇيالايتتىم، قىش كۈنلىرى ۋاقت ئۆتۈپ كېتىپ قالاتتى. شام نامىزى ئاساسەن دېگۈدەك كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىغا توغرا كەلگەچكە كەچتە خۇپتەن بىلەن قوشۇپ ئوقۇيتتۇم. كەچلىك مۇزاكىرە توققۇز بىلەن تۈگەيتتى، بىزگە ئۇخلاشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن يېرىم سائەتلا ۋاقت بېرىلىپ دەل توققۇز يېرىمدا ياتاق بىناسىنىڭ توكى ئۆچۈرۈلەتتى. توك ئۆچكەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى يوتقانغا كىرىپ بولۇشىمىزنى تەكشۈرۈش قىلاتتى. توك ئۆچۈپ بىرەر سائەت بولغاندا ئۇيۇشما ئەزالىرى كارىدوردىن غايىب بولۇشىغا، مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان نامازلىرىمنى تولۇقلاپ ئوقۇپ، ھەممە ياتاقداشلىرىمدىن كېيىن ئۇخلايتتىم. تاھارەت ئالغانلىقىم چىنىپ قالماسلىقى، ھەم ياتاقنىڭ تىنچ ۋاقتىدا بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېلىش ئۈچۈن ئەتىگەندىمۇ ھەممىدىن سەھەر تۇراتتىم. ياتاقداشلار ئىچىدە مەندىن باشقا بەش ۋاقت ناماز ئوقۇيدىغانلار يوق ئىدى. ئىككى قىز بىر ۋاخ ناماز ئوقۇيتتى.كۈندۈزلۈك نامازلىرىمنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن خالىي ھالدا ئوقۇشۇم تەسكە توختايتتى. بەزىدە قىزلار بىلەن تىرىكىشىپمۇ قالاتتىم. ھەممە ياتاقتا سەككىز كىشىلىك كارىۋات، ئىككى ئىشكاپ، بىردىن ئۈستەل بولاتتى. ياتىقىمىزنىڭ ئىچىدە ئازادە ناماز ئوقۇيالىغۇدەك بىرەر بۇلۇڭ يوق ئىدى. نامازنى كارىۋات ئۈستىدە ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. مەن ئۈستۈنكى كارىۋاتتا ياتاتتىم، ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئالدىمغا بەكرەك ئېڭىشىپ تۇرمىسام بېشىم تورۇسقا تاقىشىپ قالاتتى. كۈندۈزدە ناماز ئوقۇغىنىمدا بەزى قىزلار بېشىمنى ئېگىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان قىياپىتىمنى كۈلكىلىك ھېس قىلىپ دوراپ، كۈلۈپ كېتىشەتتى. ئاستىنقى كارىۋاتتىكى قىز تولا ھاللاردا «كارىۋاتنى غىچىرلاتتىڭىز» دەپ قاقشاپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا قىزلار بىلەن سۈركىلىش بولۇپمۇ قالاتتى. ئۆزى ناماز ئوقۇمىسىمۇ ناماز ئوقۇغىنىم ئۈچۈن مېنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىۋاتقانلىرىنى باشقۇرۇپ قويىدىغان ياخشى قىزلارمۇ بار ئىدى.

ياتاق بىناسىنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ باشقا چاغلاردا ياتاقتا قانداق تاماق ياكى نېمە ئەكىرىشىمىز بىلەن كارى بولمىغىنى بىلەن، رامزان ئېيى بولسا ياتاققا تەييار تاماقلارنى ئەكىرىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. سەھەر ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچىلار نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇپ كارىدورنى چارلايتتى. بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قېلىشى، تېۋىش چىقىرىپ قېلىشى ئېغىر ئاقىۋەتكە سەۋەب بولاتتى. رامزان ئېيى كىرگەندىن باشلاپ مەن ھەر كۈنى ئاخشىمى بىر توغرام ناننى قولياغلىقىقا ئوراپ ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قويىۋالاتتىم. سەھەردە مەندەك روزا تۇتىدىغانلارنى ئىزدەپ يۈرگەن چارلىغۇچىلارنىڭ تېۋىشىدىن ئويغىنىپ قولۇمنى يۇيۇشقا، چاي قۇيۇپ ئىچىشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم،

ئەمما قول ياغلىقتا ئورىۋالغان ناننى يوتقانغا بېشىمنى تىقىپ تۇرۇپ يەۋالاتتىم. شۇ مېنىڭ سوھۇرلۇقۇم بولاتتى. ئەڭ چاتاق يېرى، مەن ئوقۇغان ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە پەقەت رامىزان ئېيىدىلا، ھەم مەكتەپ ياتىقىدا ياتقان ئوقۇغۇچىلارغىلا يولغا قويۇلىدىغان «رامىزانلىق چېنىقىش پائالىيىتى» بار ئىدى. سائەت تۆتتىن بەشكىچە نۆۋەتچى ئوقۇتقۇچىلار بىزنى نازارەت قىلىۋاتقاندىن كېيىن ئىككى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ياتاق بىناسى ئالدىدا بەس ـ بەستە دۈدۈك چالاتتى. يوقلىمىغا كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇخلاش كىيىمىمىزنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ فورمىسىنى كىيىپلا مەيدانغا چىقىپ بولاتتۇق.سەھەر ۋاقتى بەشتىن ئالتىگىچە قىز ـ ئوغۇل ھەممە ئوقۇغۇچىلار سەككىز يۈز مېتىرلىق مەيداننى بەش ـ ئالتە قېتىم ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ، گىمناستىكا ئوينايتتۇق. بىر يۈتۈم سۇ ئىچەلمەي يېگەن قۇرۇق نان ئىككى مەيدان يۈگۈرۈشىمگىلا مەيدەمنى ئېشىپ بېئارام قىلىشقا باشلايتتى. ھېرىپ ـ ھاسىراپ ياتاققا كىرگۈچە كۈن چىقىپ كەتكەن بولاتتى، نەتىجىدە بامدات نامىزىغا كېيىن قالاتتىم. ئۇ كۈنلەرنى ھەر ئويلىسام بىر تەرەپتىن ئۆزۈمدىن سۆيۈنسەمەن يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمگە ئىچ ئاغرىتىمەن. رامىزان مەزگىلىدىكى ئەنە شۇنداق قائىدە ـ تۈزۈم سەۋەبلىك روزا تۇتىدىغانلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. باشقا سىنىپلاردىكى قىزلار ئارىسىدىمۇ بەزىدە ماڭا ئوخشاش بەزىدە سوھۇرلۇق يېمىگەن ھالەتتە بىر قانچە كۈن بولسىمۇ روزا تۇتقانلارنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم. مەنمۇ بەزى كۈنلىرى ئۇسساپ لەۋلىرىم گەز باغلاپ، سارغىيىپ ـ ھالسىزلىنىپ قىينىلىپ قىلىپ بىر قانچە كۈنلۈك روزىنى كەم تۇتقان ئىدىم. چۈنكى سوھۇرلۇقنى ئوبدان يېيەلمىگەندىن سىرت، ئىپتار قىلىش كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىغا توغرا كەلگەچكە، ئىسسىق تاماق يېيەلمەيتتىم. كەمپۈت ياكى پېچىنە ـ پىرەنىك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوغۇرلۇقچە يەپ ئىپتار قىلاتتىم. سىياسى مەھكۇملۇقتا قارىغۇلارچە باش ئېگىپ تۇرغان خەلقنىڭ رېئاللىقى مەندەك بىر ئوقۇغۇچىنى ئاشۇنداق «چېنىقىش پائالىيىتى» گە ھېچ قارشىلىقسىز بويسۇندۇرغان بولسا كېرەك. ھەر يىلىدىكى رامىزان مانا مۇشۇنداق جاپالىق ئۆتكەن ئىدى.

تولۇق ئوتتۇردىكى يەنە بىر مۇشەققەت ھېيت كۈنى ئۆيگە قايتالماسلىق ئىدى. ئىككى ھېيت ئۈچۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلگەن بولساقمۇ، ھېيت كۈنى ئەتىگىنى مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشماي ئامالىمىز يوق ئىدى. ماڭا ئوخشاش نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزىدىن كىرگەنلەرگىمۇ شەپقەت قىلىنمايتتى. ھېيت كۈنى ئەتىگەندە بايراق چىقىرىش ئالۋىڭى ئۈچۈن بىرەر ئىككى سائەت گالۋاڭ بولۇپ بېكەتكە كەلسەك، يېزىمىزغا ماڭىدىغان ماشىنا يوق بولۇپ چىقاتتى. يېزا ـ كەنتلەردىن كىرگەن بىچارە ئوقۇغۇچىلار كۈن كەچ بولغۇچە بېكەتتە بويۇن قىسىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتەتتۇق. ناھىيىگە يېقىن بەزى يېزىلاردىكى باللار خىلى ئاسان ماشىنا تاپالايتتى، ئەمما بىزنىڭكىدەك يىراق تاغلىق يېزىلارغا ھېيتتىن باشقا ۋاقىتتىمۇ كۈندە بىرەر ئىككىلا ئاپتۇبۇس قاتنايدىغان بولغاچقا، ھېيت كۈنى ماشىنا ئۇچراپ قېلىشى قەلەندەرگە ئالتۇن ئۇچرىغاندەك

ئامەت ئىدى. بەزى چاغلاردا بىر يېزىدىن كىرگەنلەر بىرەر پىكاپنى دېيىشىپ قىممەت كىرا ۋە قىستاڭچىلىق ئىچىدە ئۆيگە قايتاتتۇق. بەزىدە ئۇمۇ ئۇڭ كەلمەي ياتاققا قايتىپ بىر كۈننى مىڭ كۈندەك پۇچىلىنىش، سىقىلىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئۆيىمىزگە ئەتىسى كۈنى قايتىش غېمىدە ياتاقتا غېرىپسىنىپ ئولتۇرۇشاتتۇق. قالغانلار كۆپ بولمىغاچقا مەكتەپ ئاشخانىسىمۇ ئېچىلمايتتى. ياتاق بىناسى ئىچىدىكى دۇكاننىڭ پېچىنە ـ پىرەنىك، تەييار چۆپلىرىنى يەيتتۇق. شۇ چاغدىكى ئەلەملىك روھىي ھالەتلىرىمىزنى، بىچارە تۇرقىمىزنى ھەر ئويلىسام يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتىدۇ.

تولۇق ئوتتۇردا باشلانغۇچ ـ تولۇقسىزدىكى چاغلاردەك ئىزچىل سىياسىي ئۆگىنىش بېسىمى بولمىدى ـ يۇ، ئەمما پات ـ پات مەكتەپ بويىچە «دىنىي خوراپاتلىققا قارشى تۇرۇش»، «ئاتېزىم تەربىيىسى» تېمىلىرىدا سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلاتتى. ھەر خىل ئەھدىنامىلەرگە ئىمزا قويۇپ، بارماق بېسىپ ئۆتەتتۇق. ھەم بەزى ئوقۇتقۇچىلارمۇ دىننى ئاجايىپ ئۆچ كۆرەتتى، سۆكەتتى. تولا گەپ قىلىدىغىنى ئۇچۇن «پاراڭ» دەپ لەقەم قويۇلغان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇنداق بىر قەبىھ سۆزىنى ئوقۇغۇچى باللار بىر مەزگىل يۇمۇر قىلىپ سۆزلەپ كۈلۈشۈپ يۈرگىنى ئېسىمدە. ئۇ ئوقۇتقۇچى سىنىپ يىغىنىدا قىيامەتتىكى سۇئال ـ سوراقنىڭ جاۋابىنى ئۆگىتىپ قوياي دەپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

— مانا مەن ئۆلۈپ باققان، ئۆلگەن ۋاقتىمدا نېمە ئىش بولغاننى دەپ بېرەي. مەن قەبرىگە قويۇلۇپ تۇرسام ئىككى پەرىشتە سۇئال ـ سوراق قىلغىلى كەپتۇ. ماڭا قاراپ، ـ مەررەببۇك (رەببىڭ كىم)؟ دېگەنتى، مەن: ـ كونا ئۆلەكتۇق، دېدىم. ـ كېپەنلىكىڭ يېڭىكەنغۇ ؟ دېگەنتى، ـ بايا يۆيۈپتۇق، دېدىم. ئۇلار مېنىڭ يېنىمدىن كەتتى. مانا مۇشۇنچىلىك ئىش. ھاياتنى قەدىرلەڭلار، دوزاخ ـ جەننەتنى كىم كۆرۈپتۇ ؟ ياخشى ئوقۇپ خىزمەتكە چىقىپ پۇلنى كۆپ تاپالىغان كىشى ئەڭ نوچى كىشى... ھەر بىر ئۇيغۇر مەكتەپ ھاياتىدا مۇشۇنداق «مائارىپچى»لارغا ئۇچرىغانلىقى ئېنىق بولۇشى مۇمكىن.

ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كەسىپنى تاللاپ ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدىم. يۇرەكتە ئوت، تەندە قۇۋۋەت بار بولغان شۇنداق ئېسىل پەيتلەردە مەن راۋرۇس تەربىيىلىنەلىشىم، ئەل ـ ۋەتەنگە شان ـ شەرەپ سۇنالىغۇدەك ئىختىساس ئىگىسى بولالىشىم كېرەك ئىدى. مىڭ ئەپسۇس، ئەنە شۇنداق ئالىي مائارىپ، ئىلغار تەربىيە ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان ئالىي مەكتەپتىمۇ ئەقىدە ـ ئېتىقادقا بولغان ئۆچمەنلىك، تاجاۋۇزچىلىق ماڭا قاباھەتلىك قىلتاقلارنى قۇردى. قاتمۇ ـ قات بېسىم يۈرىكىمنى ئەزدى. تەنقىدلەش، مەسخىرىلەش ئىگىلىرى كۆپىيىپ، كۈچىيىپ تۇردى. ئالىي مەكتەپتە دەرس تولۇق ئوتتۇردىكىدەك زىچ بولمىغاچقا، ناماز ئوقۇشۇم ۋە روزا تۇتۇشۇم تولۇق ئوتتۇردىكى چاغلاردەك

جاپالىق بولمىدى. ئەمما كەسپىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق سىياسى دەرسلەرنىڭ كۆپلۈكى، كەسپىي دەرسلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ خىتايچە بولۇشى ماڭا ساناقسىز ئىچ پۇشۇقى ئېلىپ كەلگەندىن سىرت، بېشىمدىكى كىچىككىنە ياغلىقىم بىلەن ئاددىي كىيىم - كېچەكلىرىم « دىنىي تۈستە كىيىنىش » دەپ قارىلىپ تۆۋەنكى سىنىپ باشلىقى، يۇقىرىسى مەكتەپ سىياسىي مۇدىرىغىچە بولغان تۈرلۈك رەھبەرلەر، باشلىقلار ئالدىدا كۆپ قېتىم تەنقىدكە ئۇچرىدىم. سىنىپ مەسئۇلىمىز، فاكۇلتېت مۇدىرىمىز بىر قانچە قېتىم مېنى ئايرىم چاقىرىپ ياغلىق چەكمەي، ئۇزۇن كۆينەكلەرنى كىيمەي «ئوقۇغۇچىدەك » كىيىنىپ يۈرۈشىمنى، مېنى كۆرسە ئىچى سىقىلىپ قالىدىغانلىقىنى، مەن مەدەنىيەتسىز، ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان قىز ئىكەنلىكىمنى بەزىدە سىلىق بەزىدە قاتتىق رەۋىشتە دەپ تۇردى. ياغلىقىمنى ئالدىمدىن ئوراپ چەكمىگەن، كەڭتاشا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرمىگەن بولۇشۇمغا قارىماي، بېشىمغا كەينىچىلەپ ياغلىق چېگىپ، قىسقا ۋە ئوچۇق كىيىملەرنى كىيمەي يۈرگىنىم ئۇلارغا «خۇراپاتلىق، دىنىي تۈستە كىيىنىش» بولۇپ تۇيۇلدى.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇشۇم باشلىنىپ بىر ئايچە بولغان ۋاقىتمىكىن، خىتاي تىلىدا تەييارلىق ئوقۇۋاتقان چاغلار ئىدى، بىر كۈنى ئوقۇتۇش بىناسىدا تۇرسام بىر ئايال يېنىمغا كېلىپلا سورىدى:

— سىز ئوقۇغۇچىما ؟

— ھە!؟

— نېمشقا ياغلىق چېگىسىز؟ سىز يېڭى ئوقۇغۇچىما؟

— ھەئە.

— مەن بىلەن ئىشخانامغا كىرىڭ.

ئارقىسىدىن مېڭىپ بىر ئىشخانىغا كىردىم. شۇ چاغدا بىلدىمكى ئۇ ئايال تەييارلىق مائارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرتارى ئىكەن. ئۇ ئايال ئاۋازىنى سەل سىلىقلاشتۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— مەكتەپىنىڭ تۈزۈمىدە دىنىي تۈس ئالغان كىيىم - كېچەك كىيىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئەمدى بۇنداق كىيىنگىنىڭىزنى مەن كۆرۈپ قالماي. قارىغاندا سىز يېزىلىق ئوخشايسىز. ئەمدى چوڭ شەھەرگە كەلگەندىكىن مەدەنىي، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈڭ. كىچىككىنە تۇرۇپ قېرى خوتۇنلاردەك كىيىنىۋاپسىز. چىرايلىق كىيىملەرنى مۇشۇنداق ياشلىق باھارىڭىزدا كىيۋالمىسىڭىز قاچان كىيىسىز ؟...

ئاخىرىدا ئۇ ئايال سىنىپىمنى ۋە سىنىپ مۇدىرىمنىڭ ئىسمىنى سورىدى ۋە قىياپىتىمنى ئۆزگەرتمىسەم مەكتەپنىڭ جازا - تەدبىرلىرىگە ئۇچرايدىغىنىمنى ئېيتتى. مەن سىنىپقا يېنىپ چىقتىم. ئۇ ئايالنىڭ گەپلىرى بىر تەرەپتىن غۇرۇرۇمغا تەگدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئېغىر بېسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بولدى. ھەقىقەتەن مەكتەپتە ياغلىق چەگكەن قىزلارنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتقان ئىدىم. سىنىپىمىزدىمۇ مەنلا ياغلىق چىگەتتىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر كۈنى ئوقۇتۇش بىناسىغا كىرسەملا، ئىچىمدە ئۇ ئايالغا ئۇچراپ قالماسلىقنى تىلەيتتىم. ئوقۇتۇش بىناسىدا ئۇزاق تۇرماي، سىنىپقا تېزلا كىرىۋالاتتىم. دەرستىن چۈشكەندىمۇ تېزلا چىقىپ كېتەتتىم. كەسىپكە چىققۇچە كۈندە دېگۈدەك شۇنداق بېسىم ۋە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتتۇم. لېكىن «مەدەنىي» كىيىنمىدىم.

كەسپىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىققاندىن كېيىن مەكتەپتە « دىنىي تۈستە كىيىنىش» نى چەكلەش تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە كەڭ دائىرىلىك بولۇپ كەتتى. سىنىپتا ياغلىق چىگىدىغان ئۈچىمىزگە ھېلى سىنىپ باشلىقى، ھېلى سىنىپ مۇدىرى، ھېلى فاكۇلتېت مۇدىرى پات ـ پات ئىدىيىۋى تەربىيە ئىشلەشكە چۈشتى. ئۈچىمىز گەرچە بىر ياتاقتا بولمىساقمۇ، بىرىمىزگە يۆلەك بولۇپ ياغلىقنى ئېلىۋەتمەسلىككە بەل باغلىدۇق ۋە چىڭ تۇرىۋەردۇق. دەرستىن سىرتقى ۋاقتتا ئوقۇۋاتقان دىنىي كىتابلار بىلەن ھىدايىتىمىز كۈچىيىپ، قىز ـ ئاياللارنىڭ ئورۇنۇپ يۈرۈشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققان ۋاقتلاردا ياغلىقنى ئالدىچىلاپ چىگىۋالدۇق. باشقا كەسىپتىكى قىزلار ئىچىدىمۇ ياغلىق چىگىدىغان قىز ئوقۇغۇچىلار يوق ھېسابتا ئۇچرايتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قېتىم سىنىپ مۇدىرىمىز ئاۋۋال تازا ئاچچىقلاپ، ئاندىن بىزگە يالۋۇرۇپ:

— گۇناھ بولىدىغان ئىش بولسا ماڭا بولسۇن، بۇنداق كىيىنىۋالماڭلار، مەكتەپتە يېڭى تۈزۈملەر چىقتى، ناۋادا دىپلوم ئالالماي قالساڭلار، ئوقۇغىنىڭلارنىڭ نېمە پايدىسى ؟... دەپ كاپىلداپ كەتتى. بىز گەپ ئاڭلىمىدۇق. ھەقىقەتەن شۇ كۈنلەردە تۈرۈپ ـ تۈرۈپ دەرسخانىلارنى ئارىلاپ «دىنىي تۈستە كىيىنگەن ئوقۇغۇچىلار » نى تىزىملايدىغان ئىش بولۇشقا باشلىدى. 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولغان بۇ تۈزۈم بىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى ئەكەلدى. فاكۇلتېت مۇدىرى بىزنى چاقىرتىپ، تۈزەلمىسەك بىزگە دىپلوم بېرىلمەيدىغانلىقىنىمۇ دەپ تەھدىت سالدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلار دەرس ۋاقتىدا سىنىپنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن ماراپ ياغلىق چەگكەنلەرنى رەسىمگە تارتىدىغان، چۈشلۈك ـ كەچلىك تاماق ۋاقتىدا مەكتەپ ئاشخانىسىدا نۆۋەتچىلىك قىلىپ ياغلىق چەگكەنلەرنى تىزىملايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تىزىملىكىگە چۈشۈپ قالساق «سىياسى تەربىيە» گە قاتنىششقا مەجبۇر بولاتتۇق. شۇڭا بىز دەرسكە چىققاندا سىنىپنىڭ ئالدى ياكى ئارقا ئىشىكتىن كۆرۈنۈپ قېلىش مۇمكىنچىكى بولمىغان، تام تۈۋىدىكى ئورۇنلاردا ئولتۇراتتۇق. تاماق ۋاقتىدا ئاشخانىغا كىرەلمەي ياتاقتا چاي ئىچەتتۇق. كۈتۈپخانا، دەرس تەكرارلاش ئۆيى دېگەندەك يەرلەرگىمۇ چىقالمايتتۇق. ئىككى ـ ئۈچ ئايغىچە خېلىلا قىينالدۇق.

بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىر مەۋسۇم قالغاندا تۈزۈم ئاجايىپ چىڭىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى خىتايلار ياغلىق چەگكەنلەرنى كۆرسە كېلىپلا ياغلىقنى تارتىدىغان، قاچسا

ئارقىسىدىن قوغلايدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەردى. بىر قېتىم ياتاق بىناسى ئالدىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ قېچىپ كەتسەم، بىر خىتاي ئوغۇل ئوقۇغۇچى كەينىمدىن قوغلاپ، قولۇمدىن تۇتىۋالىمەن دەپ كۆينىكىمنىڭ يېڭىنىڭ ئۇچىغا تىكىلگەن گۈلىنى ئۈزىۋەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئازلا قالغان شۇ پەيتتە ئىچىم قاتتىق سىقىلىپ «مەكتەپتىن چېكىنەيمۇ قانداق» دېگەن ئويغىمۇ كېلىپ قالدىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ چاغدا ھەپتىدە ئاران ئالتە سائەتلا دەرس بولۇپ، باشقا ۋاقىتتا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى يازىدىغان بولغاچقا، يەنىلا ئاخىرىغىچە چىدىۋېتىشنى قارار قىلدىم. كۆپىنچە ياتاقتىلا ئولتۇراتتىم، ئەمما شۇ ئالتە سائەتلىك دەرسكە چىقىشمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلىپ، ئاخىرى ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان خىتايغا يالغان گەپ قىلىپ، «بوۋام تۈگەپ كەتكەن ئىدى، مەن ياغلىق چېگىپ، پەلتو كېيىپ قارىلىق تۇتىشىم كېرەك، ماڭا ئىسپات چىقىرىپ بەرسەڭ» دەپ ئۆتۈندۈم. ئۇ گېپىمگە ئىشىنىپ ئىسپات يېزىپ تامغا قويۇپ بەردى. شۇندىن كېيىن مەن كىچىك ۋاقتىمدا تۈگەپ كەتكەن بوۋامغا يېڭىدىن قارىلىق تۇتۇپ، قارا پەلتو كېيىپ، ئاق ياغلىق چېگىپ ئىككى ـ ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزۈپ، مىڭ جاپادا ئوقۇش پۈتتۈرۈش باسقۇچىغا ئۇلىشىۋالدىم. شۇ چاغلاردا بىر تەرەپتىن پاسپورت ئىشلىتىۋاتاتتىم، مەكتەپنىڭ ئىچىدىلا يەتتە رەھبەرنىڭ ئىمزاسىنى ۋە تامغىسىنى قويدۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. كىمنىڭ قېشىغا بارساملا كىيىم ـ كېچەكلىرىمگە قاراپ تەنقىدلەشكە، تەھدىت سېلىشقا باشلايتتى. خىتاي رەھبەرلەر تۈگۈل بەزى ئۇيغۇر رەھبەرلەرمۇ قوللىرىنى شىلتىپ ھاقارەتلەپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك قىياپەتتە كەلمىسىڭىز ماتېرىيالىڭىز تەستىقلانمايدۇ، دەپ تامغا قويۇپ بەرمەي ئىشىمنى بەكلا ئاقساتتى. ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى، قوغداش باشقارمىسى، مەكتەپ ساقچىخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تامغىسىنى قويدۇرۇش ئۈچۈن ئالتە ـ يەتتە رەت باشلىقنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ھەر قېتىم ماتېرىيالىمغا قارىماستىن كىيىمىمگە قاراپلا قوپاللىق بىلەن ئىشخانىدىن چىقىرۋەتتى. «قارىلىق تۇتۇش ئىسپاتى» بىر يەردە كۈچكە ئىگە بولدى. باشقا ئورۇندىكى رەھبەرلەر ئېتىبارغا ئالمىدى. ئەڭ قىيىن بولغىنى قوغداش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان خىتاينىڭ ئىمزاسى بولدى. مەن نەچچە قېتىملاپ تىل ـ دەشنام ئىشىتكەندىن كېيىن بىر ئىمزا قويدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۆينىكىمنى سەل قىسقارتىپ ياغلىقىمنى ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىردىم. ياغلىقىمنى شۇ پەيتتە ئېلىۋەتكىنىمنى سېزىپ قالغان خىتاي، چاچلىرىڭنى قويىۋېتىپ چىرايلىق يۈرمەمسەن، دەپ بىردەم تەنقىدلىگەندىن كېيىن، مېنى «چىرايلىق» يۈرۈشكە ۋەدە بەرگۈزۈپ يامان تەستە قوپاللىق بىلەن ئىمزا قويۇپ بەردى. بېشىمدىكى كىچىككىنە ياغلىق ئۈچۈن قانچە قېتىملاپ تەنقىدلەنگىنىمنى، ھاقارەتلەنگىنىمنى دەپ بېرىپ بولالمايمەن. بېشىمنىڭ ئىچىگە كىرگەن بىلىمنىڭ ھېسابىنى سورايدىغان تۈزۈم، رەھبەرگە ھېچ يولۇقۇپ باقمىدىم، ئەمما بېشىمنىڭ تېشىدىكى ياغلىقنىڭ سورىقىنى قىلىدىغانلاردىن ھەر قاچان قۇتۇلالمىدىم.

ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا مەن يولۇققان ئاۋارىچىلىك ھەرگىزمۇ ئاز ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ھەسرەتلىك كەچۈرمىشلىرىم بار. 2009 - يىلى 4 - ئىيۇل كۈنى مەن بىر يىللىق تەييارلىقنى تۈگىتىپ يۇرتقا قايتىپ كەلدىم. ئەتىسىلا ھەممىمىز بىلىدىغان 5 - ئىيۇل قىرغىنچىلىقى يۈز بەردى. شۇ يىلقى يازلىق تەتىلىم ئاساسەن دېگۈدەك يېزىلىق ھۆكۈمەتتە سىياسىي ئۆگىنىش قىلىش بىلەنلا ئۆتتى. 5 - ئىيۇل ۋەقەسى بولۇپ 4 - كۈندىن باشلاپ يېزىمىزدىكى 14 كەنتنىڭ ھەممىسىدىن ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بارغانلارنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يىغىۋالدى. ھەر كۈنى ئون كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى بېسىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كېلىش جاپاسىدىن سىرت كۈندە « كاچۇڭ يېزىلىق زىيالىيلار سىياسىي ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىش مەركىزى»دە قۇلاققا خۇش ياقمايدىغان دوكلاتلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇش مېنى بەكمۇ زېرىكتۈرەتتى. نەچچە ئەمەلدار نۆۋەت بىلەن 5 - ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تېرورچىلىقى سەۋەبىدىن يۈز بەرگەنلىكىنى، خىتايلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلغانلىقىنى توختىماي سۆزلەيتتى. ھەر بىرىمىزنى تەسىرات سۆزلەتكۈزەتتى. مەن ھەركۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە مېڭىش ئالدىدا، «ئۈرۈمچىدە ئوقۇغىنىم جىنايەت بولدىمۇ؟» دەپ غۇدۇراپ كېتەتتىم. بۇ ئۆگىنىش ئالۋىغى تەتىل توشۇشقا ھەپتە - ئون كۈن قالغۇچە داۋاملاشتى. ئۆزىنىڭ ئاڭ - تەپەككۇرىغا، ۋاقتىغا ئىگە بولالماسلىقمۇ ئېغىر خورلۇقتە! شۇ چاغدىكى ئۆزىمىز چۈشەنمەيدىغان، دېيىشنىمۇ خالىمايدىغان گەپلەرنى دېيىش، يېزىش بېسىمى، زېرىكىشلىك، ئەھمىيەتسىز كۈنلەرنىڭ ئەلەمى مېنى بەكمۇ زېرىكتۈرگەن، خورلۇق ھېس قىلدۇرغان ئىدى. مەن ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغىنىم ئۈچۈنلا تەتىللىك ئارام ئېلىشتىن مەھرۇم قالدىم. تەتىل كۈنلىرىم ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىمدىن بىرىنىمۇ ئورۇندىيالماي مەكتەپكە قايتتىم. مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە سىياسىي ئۆگىنىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ھە دېسىلا مىللىتىمىزنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىنى، ھورۇنلۇقىنى، قالاقلىقىنى سۆكۈپ خىتايلارنىڭ «ئارتۇقچىلىق»لىرىنى ماختايتتى. ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ 5 - ئىيۇل ۋەقەسىگە قانداق چۈشەنچىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە بەس - مۇنازىرە ئۇيۇشتۇراتتى. بىز ئالىي مەكتەپنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتىن، ۋاقتىمىزنى، زېھنىمىزنى كىتاب ئوقۇشقا، دەرس ئۆگىنىشكە قارىتىشتىن مۇستەسنا ھالدا بىر ئايغا يېقىن سىياسىي ئۆگىنىش بىلەن ئۆتتۇق. راست گەپنى ئېيتقاندا مەن ئالىي مەكتەپتە چاڭقاق روھىم قانغۇدەك، ئېچىرقاپ كەتكەن قەلبىم ھوزۇر ئالغۇدەك تەلىم - تەربىيە، ئىلىم - مەرىپەتنى سەزمەيۋاتاتتىم.

كۈنلەر شۇنداق داۋام قىلدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ نەزىرىدە كىيىنىشىم مەدەنىيەتسىز، ئىدىيەم قاتمال، روھىم چۈشكۈن، چىرايىم سۇلغۇن باھالىنىپ تالاي كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ئالىي مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىغا چىققاندا مائارىپ پىراكتىكىسى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى مەلۇم ۋىلايەت مەركىزىگە باردۇق. مېنىڭ نەزىرىمدە بارماقچى بولغان ئۇ

ۋىلايەت دىنىي ئېتقادى كۈچلۈك، مىللىي مەدەنىيەت قويۇق بىر يۇرت ئىدى. بىزنىڭ سىنىپنىڭ ئاشۇ يۇرتقا تەقسىملىنىشى مېنى خىلى خۇشال قىلغان ئىدى. ئۆزۈمچە ئۇ يەردە بەزى روھىم بېسىملاردىن قۇتۇلۇشنىڭ تەماسىدا بولغان ئىدىم. دەرسنى ياخشى ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلىرىمغا گۈزەل تەربىيەلەرنى سىڭدۈرۈپ جۇشقۇن، تېتىك يۇرۇشكە، روھىمدىكى بوشلۇقلارنى يېڭىلىقلار بىلەن تولدۇرۇپ، ئۆزۈمنى كۈچەيتىشكە بەل باغلىغان ئىدىم. تولىمۇ ئەپسۇس، قەيەر بولسا بولسۇن كومۇنىستىك مائارىپنىڭ كونتروللۇقىدا ھەقىقىي ھۆرلۈك، خۇشاللىق بولمايدىكەن. ئۇرۇمچىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي بېزىرىپ ئولتۇرۇپلىپ، كاجلىقىم بىلەن ئۇلارنى چارچىتىپ، كىيىم - كېچىكىمنى ئۆزگەرتمەي، كەسپىكە مۇناسىۋەتسىز دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنمەي ئوقۇغان ئىدىم. لېكىن پىراكتىكا مەزگىلىم تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئۆتتى. تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا بىرلەشتۈرۈلگەن، مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بولغان مەكتەپتە ئۆزۈمنىڭ كىيىم - كېچىكىگە ئىگە بولۇش تۇگۇل، قىز ئوقۇغۇچىلارغا ياغلىق چەگمەسلىكنى، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا مەسچىدكە كىرمەسلىكنى تەشۋىق قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ھەم ياغلىق چەگكەن قىزلارنى، جۈمە كۈنى دەرسكە قاتناشمىغان ئوغۇللارنى تىزىملاپ مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇش بېسىمىغا ئۇچرىدىم. ئۇنىڭدىن سىرت ھەپتىدە ئىككى كۈن ئوقۇتقۇچىلارغا سىياسىي ئۆگىنىش سائىتى بار ئىدى. ھەر قېتىم پىراكتىكانت ئوقۇتقۇچىلارمۇ يۈز پىرسەنت تولۇق قاتنىشىشى كېرەك، دەپ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلاتتى. دەسلەپكى ئىككى ئايدا قەستەن مەكتەپنىڭ تۈزۈمنى بىلىپ بولالمىغان، بەزى تەلەپلەرنى چۈشەنمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بەزى تەلەپ - بۇيرۇقلارنى ئادا قىلىشتىن قاچالىدىم، ئەمما كېيىن تەنقىدلىنىشكە باشلىدىم. بىز پراكتىكا ئۈچۈن تەقسىملەنگەن يۇرتقا 9 ـ ئايدا بارغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئىككى ئايدىن كېيىن ھاۋامۇ سەل سوۋۇدى، ياغلىقنى ئېلىۋېتىش بېسىمى تازا كۈچەيگەندە بېشىمغا يۇڭ پوسما كىيىۋالدىم. لېكىن سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتنىشىش، « ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش » دوكلاتىنى يېزىش، تاپشۇرۇشتا ئىنتىزامسىز، ئىقتىدارسىز ئوقۇتقۇچىنىڭ رولىنى ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. ھەر قېتىملىق سىياسىي ئۆگىنىش سائىتىدە ئەڭ ئاخىرقى سەپتە ئولتۇرۇۋېلىپ يوقلىما قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئامال قىلىپ ئارقا ئىشىكتىن قېچىپ كېتەتتىم. دوكلاتنى قانداق يېزىشنى بىلمىدىم، دەپ يازغىلى ئۇنىمايتتىم. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەم تۇرۇپ بىر - ئىككى بەتلىك دوكلاتمۇ يازالمايدىكەن، مائارىپنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنى ھېچ چۈشەنمەيدىكەن ... دېگەندەك تەنقىدلەر بەزىدە ئەگىتمە، بەزىدە ئۇدۇل ھالەتتە بېرىلىپ تۇردى. مەنمۇ ئىزچىل «قاشاڭ» ھالەتتە يۇرۇۋەردىم. لېكىن دەرسنى ياخشى ئۆتتۈم. ئوقۇغۇچىلىرىم مېنى ياخشى كۆردى. دەرسىمگە قىززىقتى. دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجەم شۇ مەكتەپتىكى كونا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەتىجىلىرىدىنمۇ ياخشى چىقتى. ئەمما سىياسىي ئۆگىنىشتىن قاچقانلىقىم، سىياسىي دوكلات يېزىشنى بىلمىگەنلىكىم، پىشىن ئوقۇپ چىققۇچە چۈشلۈك گىمناستىكىغا كېچىككىنىم ئۈچۈن يىرىم يىللىق پىراكتىكا نەتىجەم لاياقەتسىز باھالاندى. ئەقىدە ـ ئېتىقادىمغا مۇخالىپ ئىش قىلمىدىم دەپ ئويلىغىنىم ئۈچۈن لاياقەتسىز باھالىنىش مېنىڭ كۆڭلۈمنى ھېچ يېرىم قىلمىغان ئىدى. لېكىن بىزگە مەسئۇل ئوقۇتقۇچى پىراكتىكا نەتىجەمنىڭ لاياقەتسىز باھالىنىشى دىپلوم ئېلىشىمغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالغاچقا، مەن پىراكتىكا قىلغان مەكتەپ رەھبەرلىكى ماڭا ياخشىلىق قىلغىنىغا مىننەت قىلغان، كۆرەڭلىگەن ھالەتتە «لاياقەتلىك پىراكتىكانت» قىلىپ ئۆزگەرتىپ بەردى. ئۇلار مەندىن نارازى بولغان مەن ئۇلاردىن نارازى بولغان

www.uyghurkitap.com

هالەتتە پېراكتىكىكىنى تۈگىتىپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم. پراكتىكا ۋاقتىمدا مەكتەپتە ياغلىق چېكىپ خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساسەن كۆرمىدىم. ياشقا چوڭراق ئايال ئوقۇتقۇچىلار بېشىنىڭ يېرىمىغا ياغلىق ئارتقان ياكى ياغلىقنى بويىنغا سېلىۋالغان هالەتتە ئىشلەيتتى. سىياسى ئۆگىنىش ۋاقتىدا بۇروت قويىۋالغان بىر ئوقۇتقۇچىنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ تەنقىدلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. جۈمە كۈنلىرى بولسا مەكتەپ دەرۋازىسى تاقاپ قويۇلاتتى. ئەر ئوقۇتقۇچىلار جەزمەن مەكتەپتە بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇ چاغلاردا مەن نەچچە ئوغۇل بالىنىڭ بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ تامدىن سەكرەپ مەسجىدكە قاچقانلىقىنى كۆرۈپ سۆيۈنگەن ئىدىم. دىن - دىيانەت يۇققان ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىرىمدىن خۇش بولغان ئىدىم.

ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغان شۇ پەيتتە مەكتەپتىكى مائارىپقا يات ئېغىر خورلۇقلار، ئادالەتسىزلىكلەر مېنى ناهايىتى بىئارام قىلاتتى. بىزدىن كېيىنكى قاراردىن باشلاپ ھەممە كەسىپكە مىللىي ئوقۇغۇچىلاردىن 20 ، خىتاي ئوقۇغۇچىلاردىن 40 بالا قوبۇل قىلىنىشى ھەم مەكتەپ ياتىقىنىڭ مىللىي - خەنزۇ ئارىلاش ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتقانلىقى ماڭا پاجىئەلىك بىلىنىپ، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىۋاتقان باللارنىڭ ئىچىنىشلىق ئەھۋالىدىن ئىچىم سىيرىلاتتى.

مەن ھەقىقىي ئۆزۈم بولۇپ ياشىيالماي، مائارىپتىن نەق ۋە ھەق نېسىۋەمنى تولۇق ئالالماي ئوقۇش پۈتتۈردۈم. مەن تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىققۇچە نۇرغۇنلىغان تايىنى يوق، ئاساسى يوق سىياسەتلەر بىلەن ئېلىشىپ ئۆتتۈم. تالاي قېتىم تەنقىدلەندىم، ھاقارەتلەندىم، مەسخىرە قىلىندىم. «قاراڭغۇ دىللارغا نۇر چاچقۇچى ئۇستاز» بولۇش ئارزۇسىدا 10 نەچچە يىل ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇپ، ئاخىرى مائارىپتىن سەسكىنىپ، قېچىپ توختاپ قالدىم. خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى كوممۇنىستىك مائارىپنىڭ رەزىل سىياسەتلىرى، ئەقىدە - ئېتقاد بىلەن بولغان تىنىمسىز جىدەللىرى ئارمانلىرىمنى بەربات قىلدى. ئىختىساسلىق خادىمغا ئايلىنىش يولۇمنى توستى.

ھۆرلۈك - ئىنسان روھىدىكى ئەڭ مۇقەددەس مەنزىل. ئىنسانىيلىقنىڭ قەدىر - قىممىتى قىلىنمىغان، ئەقىدە - ئېتقادقا ياۋۇزلارچە تاجاۋۇز قىلىنغان مائارىپ قويىنىدىكى كۈنلىرىمنى ھەر ئويلىسام تۈگىمەس ھەسرەتلەر ئارىسىدا سىقىلىمەن. ئەقىدە - ئېتقاد ھاياتنىڭ ھەر بىر تىنىقىدا تەسىرىي كۈچكە ئىگە بولغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە تەڭداشسىز كۈچ. مېنىڭ رېئال كەچۈرمىشلىرىم زالىم خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قىلغانلىرىغا كۆرە دەريادىن تامچە بولۇشى ئېنىق. كوممۇنىستىك مائارىپ قويىنىغا باش تىققان ھەر بىر قېرىندىشىمىزنىڭ تۈرلۈك سەرگۈزەشتىلىرى، تۈرلۈك كۈرەشلىرى، ئوخشىمىغان پاجىئەلىرى بولۇشى يۈزدە يۈز. ماڭا مۇشۇ كەچۈرمىشلىرىمنى يېزىپ چىقىشنى رىغبەتلەندۈرگەن، پىكىر - چۈشەنچىلىرىمگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا كەچۈرمىشنى قۇرمۇ - قۇر تۈزىتىپ، تەھرىرلەپ، كەچۈرمىشىمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرلىنىپ ئوقۇغىدەك ھالەتكە ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى ئۈچۈن رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

(تۈگىدى)



# تەيۋەنكە نەزەر: تەيۋەننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەيۋەنگە نەزەر: تەيۋەننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

خىتاي ھۆكۈمىتى تەيۋەننى ھازىرچە بۆلۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ھامان بىر كۈنى خىتاينىڭ «قوينى»غا قايتىپ كېلىدىغان ئۆز ئۆلكىسى سۈپىتىدە كۆرىدۇ.

بەزى تەيۋەنلىكلەر شۇنداق ئىشنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، قالغانلىرى تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ رەسمىي مۇستەقىللىق جاكارلىغان - جاكارلىمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلىرىنى ئاللىقاچان بىر مۇستەقىل دۆلەتنىڭ ئىگىلىرى دەپ ئويلايدۇ.

خىتاي بىلەن تەيۋەن ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش بۇ ئارىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەر ۋاقىت پارتلىشى، شۇنداقلا ئامېرىكانىمۇ سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن بولغان قوراللىق توقۇنۇشنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراتماقتا.

## بۇ جىددىيچىلىكنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەنبەسى نېمە؟

تەيۋەندىكى بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى ئولتۇراقلاشقۇچىلار بۈگۈنكى خىتاينىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن دەپ قارىلىدىغان ئاۋسترونېزىيە (Austronesia) قەبىلىلىرىنىڭ ئەزالىرىدۇر.

مەزكۇر ئارال خىتاي يازما مەنبەلىرىدە تۇنجى قېتىم مىلادى 239 - يىلى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەينى چاغدا خىتاي بۇ يەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ئەۋەتكەنىدى. خىتاي ئادەتتە مۇشۇنى (يەنى ئۆتمۈشتە مەلۇم بىر رايونغا ئەسكەر ياكى ئەلچى قاتارلىقلارنى ئەۋەتكەنلىكىنى) شۇ رايوننىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ.

تەيۋەن قىسقا بىر مەزگىل (1624 ـ 1661) گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغاندىن كېيىن، 1683 - يىلدىن 1895 - يىلىغىچە چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان.

17 - ئەسىردىن باشلاپ، زور مىقداردىكى كۆچمەنلەر خىتايدىن تەيۋەنگە كۆچۈشكە باشلىغان. خىتايدىكى مالىمانچىلىق ۋە يوقسۇللۇقتىن قاچقان بۇ كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ فۇجيەن ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىدىن كەلگەنىدى. بۇ ئىككى ئۆلكىدىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ھېلىھەم تەيۋەن نوپۇسىنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

1895 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ بىرىنچى قېتىملىق خىتاي ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشى بىلەن، چىڭ ھۆكۈمىتى تەيۋەننى ياپونىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ، ياپونىيە يېڭىلگەن ۋە تەيۋەنگە بولغان كونتروللۇق ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، غەلىبە قىلغان «ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر» لاگېرىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان خىتاي، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن تەيۋەننى قايتىدىن ئىدارە قىلىشقا باشلىغان.

ھالبۇكى، شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە يىلدا خىتايدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغان ۋە شۇ چاغدىكى خىتاي رەھبىرى جياڭ جيېشىنىڭ ئارمىيەسى ماۋ زېدوڭ باشچىلىقىدىكى كوممۇنىست ئارمىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان.

جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قالدۇقلىرى 1949 ـ يىلى تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەن بولۇپ، (تەيۋەندە) «چوڭ قۇرۇقلۇق خىتايلىرى» دەپ ئاتالغان ۋە سانى بىر يېرىم مىليون ئەتراپىدا بولغان بۇ گۇرۇھ گەرچە تەيۋەن نوپۇسىنىڭ ئارانلا 14 پىرسەنتىنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما تەيۋەننىڭ سىياسىي سەھنىسىگە نۇرغۇن يىللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

دادىسىنىڭ دىكتاتۇرا ھۆكۈمرانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان جياڭ جىڭگو (蒋经国) مۇستەبىت ھاكىمىيەتتىن نارازى بولغان يەرلىك خەلقنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەن. شۇنداقلا، كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، تەيۋەننىڭ دېموكراتىكلىشىشىغا يول قويۇشقا باشلىغان ۋە بۇ جەريان 2000 ـ يىلدىكى خەلق سايلىمىدا تۇنجى قېتىم مىللەتچىلەر پارتىيەسى (国民党)دىن بولمىغان بىرەيلەننىڭ، يەنى چېن شۈيبيەن (陈水扁)نىڭ پرېزىدېنتلىققا سايلىنىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن.

## ھازىرقى ئەھۋال قانداق؟

خىتاي بىلەن تەيۋەن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ياخشىلىنىشقا باشلىغان. بۇ مەزگىللەردە خىتاي «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» دېگەن لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ لايىھەگە كۆرە، تەيۋەن خىتاينىڭ بىرلىشىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان تەقدىردە، خېلى ئۈستۈن دەرىجىدىكى مۇختارىيەت (ئاپتونومىيە)تىن بەھرىلىنەلەيتتى.

(«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم»دىن ئىبارەت) بۇ سىستېما تەيۋەنلىكلەرنى چوڭ قۇرۇقلۇققا قىزىقتۇرىدىغان كۆرگەزمە بۇيۇمى سۈپىتىدە خوڭكوڭدا يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆتكەن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىلدا ئىغىر بېسىمغا دۇچ كەلدى ۋە نۇرغۇنلىغان تەھلىلچىلەر خوڭكوڭدا «يۇكسەك مۇختارىيەت» دەيدىغان بىر نەرسىنىڭ قالغان ـ قالمىغانلىقىغا بولغان گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

(«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم»دىن ئىبارەت) بۇ تەكلىپ تەيۋەندە رەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما تەيبېي ختاينى زىيارەت قىلىش ۋە مەبلەغ سېلىش چەكلىمىلىرىنى. بوشاشتۇردى. شۇندىلا 1991 ـ يىلى ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

گەرچە بېيجىڭنىڭ ئىزچىل ھالدا تەيۋەندىكى ختاي خەلق دۆلىتى (中华民国) ھۆكۈمىتىنى قانۇنسىز ھۆكۈمەت دەپ قارىشى سەۋەبلىك، (ختاي بىلەن تەيۋەن ئارىسىدىكى) ھۆكۈمەتلەر ئارا سۆھبەت توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئىككى تەرەپنىڭ غەيرىي رەسمىي ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا چەكلىك دائىرىدە سۆھبەتلەر مەۋجۇت.

2000 ـ يىلى، تەيۋەننىڭ «مۇستەقىللىق»نى ئۇچۇق ـ ئاشكارا قوللىغان چېن شۈيبيەننىڭ پرېزىدېنتلىققا سايلىنىشى بېيجىڭنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

چېن شۈيبيەننىڭ 2004 ـ يىلى تەكرار پرېزىدېنتلىققا سايلىنىشى، ختاينى 2005 ـ يىلى ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى ماقۇللاشقا مەجبۇر قىلدى. مەزكۇر قانۇندا، تەيۋەن ختايدىن «ئايرىلىش»قا ئۇرۇنغان تەقدىردە، ختاينىڭ تەيۋەنگە قارشى «قاتتىق ۋاستىلەر (قورال كۈچى)»نى ئىشلىتىش ھوقۇقى بارلىقى قەيت قىلىنغانىدى.

2008 ـ يىلى، پرېزىدېنتلىققا سايلانغان ما يىڭجيۇ (马英九) ئاساسلىقى ئىقتىسادىي كېلىشىملەر ئارقىلىق ختاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا تىرىشتى.

2016 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى سايلامدا، ختايدىن رەسمىي مۇستەقىل بولۇشنى تەرغىب قىلىدىغان دېموكراتىك تەرەققىيات پارتىيەسى (民进党) نىڭ رەھبىرى سەي يىڭۋېن (蔡英文) مىللەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ نامزاتى جۇ لىلۈن (朱立伦)نى مەغلۇب قىلدى.

دونالد ترامپ 2016 ـ يىللىق ئامېرىكا سايلىمىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، رەسمىي ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى سەي يىڭۋېن بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشتى. بۇ ئامېرىكا 1979 ـ يىلى تەيۋەن بىلەن بولغان رەسمىي مۇناسىۋەتنى ئۈزگەندە بېكىتكەن سىياسەتكە خىلاپ ئىدى. گەرچە ئامېرىكا بىلەن تەيۋەن ئارىسىدا رەسمىي مۇناسىۋەت بولمىسىمۇ، ئەمما ئامېرىكانىڭ تەيۋەننى مۇداپىئە قوراللىرى بىلەن تەمىنلەش كېلىشىمى بار، شۇنداقلا ئامېرىكا ئىزچىل ھالدا ختاينىڭ (تەيۋەنگە قىلغان) ھەر قانداق ھۇجۇمىنىڭ «ئېغىر ئەندىشە» پەيدا قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلمەكتە.

2018 ـ يىلىدا، خىتاي خەلقئارالىق شىركەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تور بەتلىرىدە تەيۋەننى «خىتاينىڭ بىر قىسمى» دەپ كۆرسىتىشكە قىستىدى، شۇنداقلا بۇ شەرتكە كۆنمىگەن شىركەتلەرنىڭ خىتايدا سودا قىلىشىنى چەكلەيدىغانلىقى ھەققىدە پوپوزا قىلدى.

2020 ـ يىلى سەي يىڭۋېن سايلامدا تەكرار غەلىبە قىلدى. بۇ چاغدا، خوڭكوڭدىكى نامايىشچىلار بېيجىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ خوڭكوڭدىكى كونسېرى كۆچىيىۋاتقان تەسىرىگە قارشى نامايىش قىلىۋاتقىنىغا بىر نەچچە ئاي بولغانىدى. خوڭكوڭدىكى (خىتاينىڭ باسمىچىلىق سىياسىتىنىڭ بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىشىدىن ئىبارەت) بۇ يۈزلىنىش سەۋەبلىك، تەيۋەندىكى نۇرغۇن كىشىلەر بېيجىڭنىڭ كېيىنكى قەدەمدە ئۆزلىرىگە كۆز تىكىشىدىن ئەنسىرەشتى.

شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، خىتاينىڭ خوڭكوڭدا «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»نى يولغا قويۇشى نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن بېيجىڭنىڭ بۇ يەردىكى مەيدانىنىڭ كۆرۈنەرلىك ھالدا «كەسكىن»لىشىۋاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر ئالامىتى دەپ قارالدى.

بۇ جەرياندا، ئامېرىكا تەيۋەن بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، تەيبېينى داۋاملىق قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

9 ـ ئايدا، ۋاشىڭتون نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى (تەيۋەنگە بارغانلارنىڭ ئارىسىدىكى) ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسەتچىسىنى تەيۋەنگە زىيارەتكە ئەۋەتتى.

بېيجىڭ بۇ ئۇچرىشىشنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئامېرىكانى «خىتاي ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن <تەيۋەن مۇستەقىللىقى> ئۇنسۇرلىرىغا خاتا شەپە بەرمەسلىك» ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. شۇنداقلا يەنە، تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولغان بۇ زىيارەت داۋامىدا، تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇق ئارىسىدىكى بوغۇزدا، ھەقىقىي قوراللار ئىشلىتىلگەن ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى.

پرېزىدېنت جو بايدېن ھۆكۈمىتى تەيۋەنگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ «ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بايدېن پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى رەسمىي باشلىغان دەسلەپكى بىر نەچچە كۈندە، تەيۋەن ئۆزىنىڭ ئىككى كۈن ئىچىدە خىتاي ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ «كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇز»ىغا ئۇچرىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. تەيۋەن ھاۋا ئارمىيىسى ھەرىكەتلىنىپ، خىتاي ئايروپىلانلىرىنى ئاگاھلاندۇردى ھەمدە خىتاي ئايروپىلانلىرىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى قوزغاتتى. تەھلىلچىلەر خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى «خىتاي بايدېننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىۋاتىدۇ» دەپ تەبىرلەشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

بەشبۇرجەكلىك بىنا (ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى)نىڭ باياناتچىسى جون كىربى (John Kirby) بۇ ئىش ھەققىدە: «بىزنىڭ تەيۋەننىڭ ئۆزىنى قوغدىشىغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىمىز بار، مەنچە سىلەر بۇنىڭ (يەنى تەيۋەننى قوللاشنىڭ) داۋاملاشقانلىقىنى كۆرىسىلەر» دېدى.

## تەيۋەننىڭ سالاھىيىتى زادى نېمە؟

تەيۋەننىڭ سالاھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ھەتتا ئۇنى نېمە دەپ ئاتاش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ ۋە قالايمىقانچىلىقلار مەۋجۇت.

خىتاي تەيۋەننى ئۆزىنىڭ ھازىرچە بۆلۈنۈپ تۇرغان، ئەمما ھامان بىر كۈنى قايتۇرۇپ كېلىنىدىغان ئۆلكىسى دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار بۇ جەھەتتە زۇرۇر تېپىلغاندا قورال كۈچى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېنىق تەكىتلەپ كەلمەكتە. ئەمما تەيۋەن رەھبەرلىرى تەيۋەننىڭ بىر ئۆلكىدىن ھالقىغان سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، يەنى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ.

تەيۋەننىڭ ئۆز ئالدىغا ئاساسىي قانۇنى، دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلانغان رەھبەرلىرى ۋە تەخمىنەن 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار.

1949 ـ يىلى خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن تەيۋەنگە قاچقان جياڭ جيېشىنىڭ «خىتاي خەلق دۆلىتى» ھۆكۈمىتى دەسلەپتە ئۆزىنىڭ قايتىدىن قولغا كىرگۈزمەكچى بولغان چوڭ قۇرۇقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل خىتايغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. دېگەندەك، ئۇ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە «خىتاي دۆلىتى»لىك نىڭ ئورنىنى ساقلاپ، نۇرغۇن غەرب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن بىردىنبىر «خىتاي ھۆكۈمىتى» دەپ ئېتىراپ قىلىنغانىدى.

ئەمما 1971 ـ يىلى، ب د ت نىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە، تەيبېينىڭ ئورنىغا بېيجىڭنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن، «خىتاي خەلق دۆلىتى» ھۆكۈمىتى بۇ سەھنىدىن قوغلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، «خىتاي خەلق دۆلىتى» ھۆكۈمىتىنى دىپلوماتىك جەھەتتە ئېتىراپ قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئازىيىپ، 15 كە چۈشۈپ قالدى.

بۇ ئىككى «مەرتىۋە» ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور پەرقنى نەزەردە تۇتقاندا، باشقا كۆپىنچە دۆلەتلەر ھازىرقى مۈجمەللىكنى قوبۇل قىلىشقا مايىلدەك قىلىدۇ. بۇنىڭدا تەيۋەننىڭ قانۇنىي ئورنى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما مۇستەقىل دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق خۇسۇسىيەتلەر تولۇق ھازىرلانغان.

### تەيۋەندە مۇستەقىللىقنىڭ قانچىلىك ۋەزنى بار؟

گەرچە خىتاي بىلەن تەيۋەن ئارىسىدىكى سىياسىي تەرەققىيات ئاستا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يۇقىرى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر شىددەت بىلەن كۈچەيدى. تەيۋەن شىركەتلىرى خىتايغا تەخمىنەن 60 مىليارد دوللار (40 مىليارد فوندستېرلىڭ) مەبلەغ سالغان بولۇپ، ھازىر بىر مىليونغا يېقىن تەيۋەنلىك خىتايدا ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى بۇ يەردە زاۋۇت ئاچقانلاردۇر.

بەزى تەيۋەنلىكلەر نۆۋەتتە ئۆز ئىقتىسادىنىڭ خىتايغا بېقىنىپ قالغانلىقىدىن تەشۋىشلەنسە، يەنە بەزىلەر «خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشى خىتاينىڭ يەڭگىللىك بىلەن ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش ئېھتىماللىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ، چۈنكى خىتاي بۇنىڭ ئۆز ئىقتىسادىغا سالىدىغان زىيىنىنى ئويلاشماي قالمايدۇ» دەپ قارايدۇ.

2014 ـ يىلى خىتاي بىلەن ئىمزالانغان سودا كېلىشىمى تەيۋەندە تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولغان ۋە نەتىجىدە «ئاپتاپپەرەس ھەرىكىتى» قوزغىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ۋە پائالىيەتچىلەر تەيۋەن پارلامېنتىنى ئىشغال قىلىپ، خىتاينىڭ تەيۋەندىكى تەسىرىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەشكەندى.

دېموكراتىك تەرەققىيات پارتىيەسى (DPP) ھېلىھەم تەيۋەننىڭ رەسمىي مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىدۇ، مىللەتچىلەر پارتىيەسى (KMT) بولسا ئاخىرىدا خىتاي بىلەن قايتىدىن بىرلىشىشنى قوللايدۇ. راي سىناش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ھازىر تەيۋەندە بۇ ئىككى پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى قوللايدىغانلار ئاز نىسبەتتە بولۇپ، كۆپىنچە تەيۋەنلىكلەر («رەسمىي مۇستەقىللىقنى جاكارلىماسلىق، خىتاي بىلەنمۇ بىرلەشمەسلىك»تىن ئىبارەت) مەۋجۇت ئوتتۇرا يولغا مايىل ئىكەن.

شۇنداقتىمۇ ئېھتىمۇ كۆپ كىشىلەر ئۆزىنى خىتاي پۇقراسى ئەمەس، تەيۋەنلىك دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتقان. 2016 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى سايلامدا دېموكراتىك تەرەققىيات پارتىيەسىنى قوللاش نىسبىتى ئاشتى. بۇ مەلۇم دەرىجىدە مىللەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ باي ـ نامراتلىق پەرقىدىن ئۆي باھاسىنىڭ يۇقىرىلىقىغىچە بولغان بىر قاتار ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلالماسلىقىغا بولغان نارازىلىقتىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ما يىڭجيۇ ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەننى بېيجىڭغا بەك يېقىندى قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقىدىن بولغان.

**ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى**

مەنبە:

https://www.bbc.com/news/world ـ asia ـ 34729538



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مىسلىسىز ئويغىنىش

# ۋاقىت باشقۇرۇش ۋە كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت

براين چېيسى

# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەتتە يىراقنى كۆرەرلىك

براين چېيسى

«كۆچىنى مۇئەييەن بىر تەرەپكە مەركەزلەشتۈرگەن ھەر ئىنسان كۈچلۈك ۋە ئۈنۈملۈك بولالايدۇ»
ئورىسون سۋېت ماردېن (Orison Swett Marden)

ئۈستۈن مۇتەپەككۇرلۇقنىڭ نامايەندىسى - بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقنىڭ بولغۇسى نەتىجىسىنى كەسكىن رەۋىشتە تەخمىن قىلىش قابىلىيىتىدۇر. ھەرقانداق بىر ئىش ياكى پائالىيەتنىڭ بولغۇسى نەتىجىلىرى ئۇنىڭ سىز ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنىڭ ئۆلچۈق بەلگىلىگۈچى ئامىلىدۇر.

بىر ئىشنىڭ ئەھمىيىتىگە بۇ شەكىلدە باھا بېرىش ئۆز نۆۋىتىدە سىزنى كېيىنكى «پاقا»ڭىزنى بەلگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتور ئېدۋارد بەنفىيلد (edward banfield) ئەللىك يىللىق تەتقىقاتتىن كېيىن، ئامېرىكادىكى يۇكسىلىشچان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەڭ روشەن ۋە يېگانە بەلگىلىگۈچى ئامىلى «يىراقنى كۆرەرلىك» ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. ئەنە شۇ رەۋىشتە «يىراقنى كۆرەرلىك»نىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ روياپقا چىقىشىدا، ئائىلە، مائارىپ، ئىرق، ئەقىل ۋە مۇناسىۋەتلەردىن، ۋەياكى باشقا ھەرقانداق يەككە ئامىلدىن تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان.

ۋاقىت ھەققىدىكى پوزىتسىيەڭىز، يەنى «ۋاقىت قارىشى»ڭىز قىلمىشلىرىڭىز ۋە تاللاشلىرىڭىزغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇشى ۋە خىزمىتىدە يىراقنى كۆزلىگەنلەر نېمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار مەسىلىلەردە، كېلەچەكتىكى ھەققىدە كاللا قاتۇرۇپ كەتمەيدىغانلارغا قارىغاندا، ھەردائىم تېخىمۇ ياخشى قارار چىقىرالايدۇ.

قائىدە: «يىراقنى كۆزلىگەن ھالدا تەپەككۇر قىلىش ئادىتى قىسقا مۇددەتلىك قارار چىقىرىش قابىلىيىتىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ».

www.uyghurkitap.com

ئۇتۇق قازانغان ئىنسانلار كەلگۈسى ھەققىدە ئوچۇق چۈشەنچىگە ئىگىدۇر. ئۇلار بەش يىل، ئون يىل، ھەتتا 25 يىلدىن كېيىنكى ئىش-ئىزلىرىنى ئويلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئۇزاق كەلگۈسىگە مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، بۈگۈنكى تاللاشلىرى ۋە قىلمىشلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىدۇ. خىزمەتتىمۇ يىراقنى نەزەردە تۇتقاندا ئۆزىڭىز ئۈچۈن نېمىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز قىسقا مۇددەتتە نېمىلەرنى ئاۋۋال قىلىش ھەققىدە قارار چىقىرىشىڭىزنى زور دەرىجىدە ئاسانلاشتۇرىدۇ.

مۇھىم بىر ئىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، بولغۇسى (يەنى مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن بولغان) نەتىجىلىرى بار بولىدۇ. ئەھمىيەتسىز ئىشلارنىڭ بولسا، بولغۇسى نەتىجىلىرى بەك ئاز ياكى پەقەتلا يوقتۇر. شۇڭا بىر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىزدىن شۇ سوئالنى سورىشىڭىز كېرەك: «بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ ياكى قىلماسلىقنىڭ بولغۇسى نەتىجىلىرى نېمىلەر؟».

قائىدە: «كەلگۈسى ھەققىدىكى چۈشەنچە بۈگۈنكى قىلمىشلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنى بەلگىلەيدۇ».

كەلگۈسى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىز قانچە ئوچۇق ۋە كونكرېت بولسا، بۇنىڭ نۆۋەتتىكى قىلمىشلىرىڭىزغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك، ئوچۇق كۆز قاراشقا ئىگە بولسىڭىز، نۆۋەتتىكى مۇئەييەن پائالىيەتلىرىڭىزگە تېخىمۇ توغرا باھا بېرەلەيسىز ۋە ئۇلارنىڭ سىز يەتمەكچى بولغان نىشانغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلەيسىز.

ئۇتۇق قازانغان ئىنسانلار ئۇزۇن مۇددەتتە تېخىمۇ كۆپ نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن، قىسقا مۇددەتلىك بەدەل تۆلىيەلىگەن ۋە (شۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا زىت بولغان) ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە ھاي بېرەلىگەنلەردۇر. نەتىجىسىز ئىنسانلار بولسا، قىسقا مۇددەتلىك نەتىجىلەرنى ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىلا ئويلاپ، يىراق كەلگۈسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ.

تۇرتكە توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەيدىغان دېنىس ۋېيتلىي (Dennis waitley) شۇنداق دېگەن:

«مەغلۇب بولغانلار سۈركىلىشنى ئازايتىدىغان ئىشلارنى، ئۇتۇق قازانغانلار بولسا نىشانغا يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ». مەسىلەن، ئىشىڭىزغا بالدۇر بېرىش، ئۆز ساھەيىڭىزگە ئالاقىدار كىتاب ـ ماتېرىياللارنى سىجىل ئوقۇپ تۇرۇش، قابىلىيىتىڭىزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، كۇرسلارغا قاتنىشىش ۋە زېھنىڭىزنى خىزمىتىڭىز ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش ئامىللىرىنىڭ ھەممىسى تويلانسا، كەلگۈسىڭىزگە غايەت زور ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشقا ئاران ئۈلگۈرۈپ بېرىش، خىزمەت ۋاقتىنى گېزىت ئوقۇپ، چاي ـ قەھۋە ئىچىپ، خىزمەتداشلار بىلەن «ھال ـ مۇڭ» بولۇشۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىش قىسقا مۇددەتتە كۆڭۈل

خۇش قىلغاندەك قىلسىمۇ، نەتىجىدە مۇقەررەر ھالدا بىر ئىزدا توختاپ قېلىشقا، مەغلۇبىيەتكە ۋە ئۈمىدسىزلىككە سەۋەب بولىدۇ.

بىر ئىش ياكى پائالىيەت زور يوشۇرۇن قىممەتكە ئىگە بولسا، ئۇنى كۈنتەرتىپىڭ بېشىغا قويۇڭ ۋە دەرھال شۇ توغرىسىدا ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ. دەرھال ۋە كۆڭۈلدىكىدەك قىلىنمىغان تەقدىردە، ئېغىر سەلبىي نەتىجىلەرگە يول ئېچىشى مۇمكىن بولغان بىر ئىش بار بولسا، ئۇنىمۇ كۈنتەرتىپىڭ ئەڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز كېرەك. «پاقا»ڭىزنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى يۇتۇۋېتىشقا بەل باغلاڭ.

تۆرتكە ئېچكى مۇددىئانى شەرت قىلىدۇ. بىر قىلمىش سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا قانچە زور ئىجابىي تەسىر كۆرسەتسە (سىز ئۇنى بېكىتىۋالسىڭىزلا بولدى)، ئۇنى بىر دەقىقە بولسىمۇ بالدۇر تاماملاشقا شۇنچە ھېرىس بولىسىز.

زېھنىڭىزنى مۇئەييەن جەھەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈڭ. كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ۋە تاماملاشقا ھەرۋاقىت ھېرىسمەن بولۇڭ.

ۋاقىت ھەرخىل رەۋىشتە ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. تۈپ مەسىلە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشتۇر. ئاخىرقى مەنزىلىرىڭىزنىڭ قەيەر بولۇشى مەۋجۇت قىلمىشلىرىڭىزنىڭ ئېھتىمالىي نەتىجىلىرىگە ئالاقىدار ئوي ـ خىياللىرىڭىزنىڭ ۋەزمىنلىكىگە زور دەرىجىدە باغلىقتۇر. تاللاشلىرىڭىزنىڭ، قارارلىرىڭىزنىڭ ۋە قىلمىشلىرىڭىزنىڭ بولغۇسى نەتىجىلىرى ھەققىدە ئۇزلۇكسىز ئويلىنىش ھاياتىڭىزدىكى ھەقىقىي مۇھىم ئىشلارنى بەلگىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى يوللىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ!

قىلىشنى پىلانلىغان ئىشلىرىڭىزنىڭ تىزىملىكىنى داۋاملىق كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇڭ. ھەرۋاقىت ئۆزىڭىزدىن شۇ سوئالنى سوراڭ: «قوشۇرىسىز شەكىلدە ۋە دەل ۋاقتىدا ئورۇنداپدىغان قايسى پىلانىم ياكى پائالىيىتىم ھاياتىمغا ئەڭ زور ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ؟»

سىزگە ئەڭ زور پايدىسى تېگىدىغان ئىشلارنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن نىشان قىلىڭ. ئۇلارنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈڭ ۋە ئۇنى دەرھال ئىجرا قىلىشقا باشلاڭ. گوتېنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ: «ئاۋۋال باشلاڭ، زېھنىڭىز بارغانسېرى ئېچىلىدۇ؛ داۋاملاشتۇرۇڭ، ئىشلار تاماملىنىدۇ».

«ئۇ پاقىنى يەڭ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

تارىخ ۋە بىز



# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى رېئاللىقى

شان روبېرتس

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى رېئاللىقى

**شان روبېرتس**

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى تۈرك تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ. ئۇلار ئاساسلىقى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان، خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدىغان رايوندا ياشايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ۋەتىنى دەپ قارايدىغان بۇ رايوندا، (خىتاي ئىستاتىستىكىلىرىغا كۆرە) ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 11 مىليون 300 مىڭدىن ئاشىدۇ (18). بۇنىڭدىن باشقا، تەخمىنەن 500 مىڭ ئۇيغۇر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى (باشقا جايلاردىكىدىن) ئالاھىدە كۆپ. كۇلتۇر، تىل ۋە تارىخ جەھەتتە، ئۇلار خىتايلارغا قارىغاندا سابىق سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى خەلقلەر بىلەن كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېخىمۇ چوڭ كۇلتۇر رايونى ئىچىدە، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئەنئەنىسى ئارقىلىق قازاق، قىرغىز ۋە تۈركمەن كۆچمەن چارۋىچىلىرىدىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئەنئەنىسىگە، شۇنداقلا دېھقانچىلىق، شەھەرلىشىش ۋە سودا جەھەتلەردە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۆزبېكلەرنىڭ تىلى بىلەن ئاساسەن ئۆزئارا چۈشىنىشلىك (19).

ئىسلام ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، بۈگۈنكى كۈندە كۆپىنچە ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان دەپ قارىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئادەتتە سۈننىي - ھەنەفىي مەزھەپكە تەۋە دېيىلىسىمۇ، بۇ يەردىكى دىنىي ئادەتلەر تولىمۇ رەڭگارەڭ بولۇپ، بۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە سوپىزم ۋە (ئىسلامدىن ئىلگىرىكى) يەرلىك دىنلاردىن مەنبەلەنگەن (20). گەرچە ئۇيغۇرلار ئۆزۈندىن بۇيان مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام مەركەزلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقى ئۇلارنى ئىزچىل مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ۋە يەرشارى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ چېتىدە قالدۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ۋەتىنىدە، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ھەقىقىي دىندارلاردىن بولماستىن، خىلمۇخىل مۇسۇلمانلارچىلىق ئادەتلىرىنى كۇلتۇرەل ئەنئەنىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. ھالبۇكى، ئىسلام ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ۋە بۈگۈنكى دەۋردە، ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتىدىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان خىتايلاردىن پەرقلىنىشىدىكى ۋاستىگە ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆز نەسەبىنى سەككىزىنچى ۋە توققۇزىنچى ئەسىردە ۋەتىنىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىگە باغلىسىمۇ، دەۋرىمىزدىكى كۆپىنچە مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۇلار ئەمەلىيەتتە تارىختىكى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە بۇ رايوندا ياشاپ ئۆتكەن ئوخشىمىغان خەلقلەرنىڭ بىرىكمىسىدۇر (21). بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا ئالتىنچى ئەسىردە تۇنجى قېتىم كىرگەن خىلمۇخىل تۈرك قەۋملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالىسى دەپ قارىلىدىغان ھىندى ـ ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن (22). بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى قىياپىتى پۈتۈن ياۋرو ـ ئاسىيادىكى خېلى كۆپ ساندىكى ئوخشىمىغان خەلقلەرگە باغلىغىلى بولىدىغان دەرىجىدە خىلمۇخىلدۇر. بۇ خىل رەڭگارەڭ كېڭ تارىخى سەۋەبلىك، كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنى خىتايلارغا ئوخشىتىش بەسىي مۈشكۈل بولۇپ، بۇ ئۇلارنى تامامەن خىتايلاشتۇرۇش يولىدىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقى ۋە خىتايدىكى ئەڭ چوڭ ئېتنىك گۇرۇپ ئىكەنلىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تولىمۇ گەۋدىلىك «ئىرقىي» خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان بولۇپ، شەك ـ شۈبھىسىزكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى خىتايدىكى ئورنىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارغا «مۇقىملىق»نى «ئوخشاش بولۇش»قا باغلاپ قارايدىغان جەمئىيەتتە (يەنى خىتاي جەمئىيىتىدە) «يات»لىق تامغىسىنى ئۇرغان.

بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى ئۇقۇمى 20 ـ ئەسىردە ئاندىن شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ 10 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە تەدرىجىي ئىسلاملىشىشى ۋە تۈركلىشىشى بۇ رايوندا بىرلىككە كەلگەن كۇلتۇر بەرپا قىلىش ۋە زامانىۋى ئۇيغۇر كىملىكىگە ئاساس سېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. چىڭ سۇلالىسى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ رايوننى بېسىۋالغاندا، بۇ خىل بىرلىككە كەلگەن كۇلتۇر يەرلىك خەلقلەردە گەۋدىلىك ئىدى. گەرچە ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى قوللانمىغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى خەلقلەر ئورتاق ماكان، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل، دىن ۋە ئەسىرلەرنىڭ ئاغزاكى تارقىلىشى ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەنىدى (23). بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار بۈگۈن ئۆزلىرى ۋەتىنىمىز دەپ قاراۋاتقان زېمىنىدىكى «يەرلىك خەلق» (Indigenous Peoples) دەپ قارىلىشى كېرەك. ب د ت نىڭ تەبىرىگە كۆرە، «يەرلىك خەلق» ـــ شۇ زېمىننىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى، ئىشغال قىلىنىشى ياكى شۇ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن پەرقلىق ئېتنىك ياكى كۇلتۇرغا ئىگە قەۋملەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىدىن ئىلگىرى بىر رايونغا ماكانلاشقان كىشلەردۇر (24). ئەمما، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى «ئۇيغۇرلار بۇ رايوندىكى <يەرلىك خەلق> ئەمەس، بۇ يەر ئەزەلدىن خىتاينىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن» دېگەن گېپىدە قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ. خىتاينىڭ بۇ مەيدانى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي دۆلىتى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى كۈرۈكلەپ تۇرىدۇ (25).

بۇ جەددىيلىك ئومۇمەن ئۇيغۇر ۋەتىنىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھالقىلىق سوئالغا مەركەزلىشىدۇ: بۇ رايون زادى كىمگە تەۋە؟ ۋە شۇ ۋەجىدىن، ئۇنىڭ خەلقىنى ۋە زېمىنىنى باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى كىمگە بېرىلىشى كېرەك؟ بەلكىم، يېقىنقى زاماندىكى خىتاي دۆلەتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ سوئالغا تۇتقان قارىمۇقارشى پوزىتسىيىسىنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىسى ئۇلارنىڭ بۇ تېررىتورىيەگە قويغان ئىسىملىرى ئارىسىدىكى پەرق بولۇشى مۇمكىن. يېقىنقى زاماندىكى خىتاي دۆلەتلىرى بۇ رايوننىڭ ھەقلىق نامىنىڭ «شىنجاڭ» (ياكى «يېڭى چېگرا») ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. مەزكۇر ئىسىم چىڭ سۇلالىسى بۇ رايوننى بېسىۋالغاندىن، يەنى 1880 ـ يىللىرى بۇ رايون (شەرقىي تۈركىستان) تۇنجى قېتىم خىتاينى ئاساس قىلغان بىر سىياسىي گەۋدىگە قوشۇۋېلىنغاندىن كېيىن قويۇلغان. كۆپىنچە ئۇيغۇرلار بۇ ئىسىمدىكى كۈچلۈك مۇستەملىكىچىلىك پۇرىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا قەستەن بۇ ئىسىمنى ئىشلەتمەيدۇ. بەزى ئۇيغۇرلار تۈرك خەلقىنىڭ «يەرلىك خەلق»لىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، شۇنداقلا ۋە 1930 ـ ۋە 1940 ـ يىللاردا رايوننىڭ بەزى جايلىرىدا قۇرۇلغان ئوخشاش ئىسىمدىكى، ئۆمرى قىسقا ئىككى مۇستەقىل دۆلەتنىڭ تارىخىنى ئەسلىتىدىغان «شەرقى تۈركىستان» دېگەن ئىسىمنى ياخشى كۆرىدۇ. خىتاينىڭ ئىچىدىكى باشقا ئۇيغۇرلار «شىنجاڭ» دېگەن نامنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە «ئۇيغۇر دىيارى» دېگەن نامنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. نۆۋەتتە خىتاي دائىرىلىرى «شەرقىي تۈركىستان» ئىبارىسىنى ئىشلىتىشنى «ئاشقۇن»لۇق دەپ قارىغاچقا، «ئۇيغۇر دىيارى» دېگەن نامنى ئىشلىتىش خاھىشى ھازىر تېخىمۇ كۈچلۈك (26).

مەن ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئالاقىدار سىياسىي مەسىلىلەرگە پوزىتسىيە بىلدۈرگەندەك تۇيغۇ بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئادەتتە بۇ رايوننى «شىنجاڭ» ياكى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشتىن ساقلاندىم. بۇنىڭ ئورنىغا، مەن بۇ رايوننى ئاتاشتا مەزكۇر رايوندىكى دۆلەت ياكى ئۇيغۇر مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تىلغا ئالغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، «ئۇيغۇر رايونى» ياكى «ئۇيغۇر ۋەتىنى» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتتىم. گەرچە بۇ رايوننى «ئۇيغۇر ۋەتىنى» دەپ ئېتىراپ قىلىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە سىياسىي مەيدان بىلدۈرگەنلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، مېنىڭچە بۇ ئۇيغۇرلار بىلەن بۇ زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى تارىخى مۇناسىۋەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەسۋىرىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، بۇ ئىسىمنى قوللىنىشتا مەزكۇر رايوننى مۇستەقىل دۆلەت دەپ قاراش كېرەكمۇ ياكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش كېرەكمۇ دېگەن سىياسىي مەسىلىدە پوزىتسىيە بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنمايدۇ.

بۇ تېررىتورىيەنىڭ ھەقىقىي توغرا ئىسمىغا ئالاقىدار مۇنازىرىلەر ئۇيغۇرلار بىلەن ھازىرقى خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئېنىقسىز مۇناسىۋەتكە ۋە بۇ مۇناسىۋەتنى خاراكتېرلەندۈرىدىغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان توقۇنۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىختا بۇ توقۇنۇشنىڭ سالمىقى ئۆزگىرىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇ بەزىدە يېنىك قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، يەنە بەزىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا زوراۋان

توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولغان. ئەمما، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ۋەتىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، توقۇنۇش ئىزچىل مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇ كىتابتىكى مەركىزىي نۇقتىئىينەزەرلەردىن بىرى شۇكى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى («11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى») دىن كېيىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ئىزچىل قارشىلىقىنى خەلقئارالىق «تېرورلۇق تەھدىتى» دەپ سۈپەتلەش قارارى ھازىرقى خىتاي دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇنداقلا بۇ قارار ئۇزۇنغا سوزۇلغان مەزكۇر توقۇنۇشنى مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان كەلگۈسىدە ھەل قىلغىلى بولماس ھالەتكە كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى «تېرورلۇققا قارشى خەلقئارالىق ئۇرۇش»قا ئاساسلانلا باغلىيالىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇرۇشنىڭ مۇجمەل دۈشمەنگە ئېلان قىلىنغانلىقىدۇر. «تېرورلۇق»نىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئېنىقلىمىسى يوق، شۇنداقلا ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا دۆلەتكە ياكى جەمئىيەتكە قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكەن، (مەلۇم قوراللىق تەشكىلات دېگەندەك) غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلارنى قارىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سىياسىي تامغىدۇر. ئەمما مېنىڭ تەھلىلىم قىسمەن دەرىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە دۇنيا ئۈچۈن ھەقىقىي «تېرورلۇق تەھدىتى»گە ۋەكىللىك قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى بەلگىلەشكە تايانغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر كىتابنىڭ «نېمىنى تېرورلۇق تەھدىتى دەپ قاراش، نېمىنى ئۇنداق دەپ قارىماسلىق كېرەك» دېگەن نۇقتىئىينەزەرنى ئىزاھلاشتا، «تېرورلۇق»قا (نەزەرىيىۋى، شوئار خاراكتېرلىك ئەمەس) ئەمەلىي ئېنىقلىما بەرگەنلىكى ئىنتايىن مۇھىم. مەزكۇر كىتابتا بۇ خىل مېتود قوللىنىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلار سادىر قىلغان ئىشلارنىڭ قايسىسىنى قانۇنلۇق، قايسىسىنى قانۇنسىز سىياسىي زوراۋانلىق» دەپ بېكىتىش كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ پوزىتسىيە بىلدۈرۈلۈپ، بۇ جەھەتتە قوراللىق توقۇنۇش توغرىسىدىكى خەلقئارالىق بەلگىلىمىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، دۆلەت بىلەن غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلارغا ئوخشاش ئۆلچەم قويۇلدى.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ھېكمەتيار ئىبراھىم

(نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن «ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىغا قاراڭ)



# زۆھرەنىڭ ھېكايىسى

مەرىپەت ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

# زۆھرەنىڭ ھېكايىسى: ھۆكۈمەتتىن يوشۇرۇلغان توققۇزىنچى بالا

مەرپەت ئۇيغۇر

مەن بۇ ماقالىنى شەرقىي تۈركىستاندا ۋاكالەتەن ھامىلىدار بولۇشقا مەجبۇرلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىغا بېغىشلايمەن. خىتاي ئۇلارغا خىلمۇخىل ئۇسۇللاردا بېسىم ئىشلىتىش ۋە تەھدىت سېلىش ئارقىلىق ۋاكالەتەن «بالا تۇغۇش ماشىنىسى» بولۇشقا مەجبۇرلىدى. ھالبۇكى، ئەگەر تۇغۇلغان بوۋاق قىز بولسا، باشقىلارنىڭ بېقىۋېلىشقا بېرىۋېتىلەتتى.

مەن شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. تەخمىنەن ئالتە ياش ۋاقتىمدا، بىز تونۇيدىغان 65 ياشلىق بىر ئۇيغۇر خانىم باشقا شەھەردىن بىر قىز بوۋاق بېقىۋالغانىدى. بۇ ماڭا سەل غەلىتە تۇيۇلۇپ، «بۇ ئايال بۇ يېشىدا بالا بېقىۋېلىپ نېمىمۇ قىلار؟» دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ قىز بوۋاقنى ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ياشلىق، بويتاق ئۇيغۇر ئايال ئېلىپ كەلگەنىدى. «بۇ قىزنىڭ دادىسى قەيەردىدۇر؟» دېگەن سوئال كاللامغا كىرىۋېلىپ، مېنى خېلى ئۇزۇنغىچە بىئارام قىلغانىدى.

خانىم بۇ قىزغا «زۆھرە» دەپ چىرايلىق ئىسىم قويدى. زۆھرە بۇ يېڭى ئائىلىسىدە ئۆيدىكى باشقا بالىلاردىنمۇ بەكرەك ئەتىۋارلىنىپ، تاكى ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەنگە قەدەر خۇشال ۋە بەختلىك ياشىدى.

زۆھرە مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يىغلىغىنىچە ئۆيگە قايتىپ، دادىسىنىڭ كىملىكىنى سورىدى. ھېلىقى خانىمنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى داۋاملىق زۆھرەدىن يوشۇرۇشقا يۈرىكى چىدىمايۋاتاتتى. مەكتەپتىكى بالىلار كىچىك قىزغا «سېنىڭ داداڭ خىتاي» دېگەندەك تولىمۇ قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلاتتى. زۆھرە بولسا بۇ گەپكە ئىشەنمەيتتى. ئەمما ئاشۇ خىل ئەھۋالدا، بۇ خانىمنىڭ زۆھرەنى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەنلا بەزلىيەلىشى بەسى مۈشكۈل ئىدى. شۇڭا ئۇ زۆھرەنى بۇ پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلماقچى بولدى.

خانىم ئۆزى بىلەن بىر كوچىدا ئولتۇرىدىغان ئاقكۆڭۈل قوشنىلىرىنى ئىزدەپ، تاتلىق، كىچىك زۆھرە ھەققىدىكى باش قېتىنچىلىقىنى ئۇلارغا ئېيتىۋىدى، قوشنىلىرى خانىمغا ياردەم قىلماقچى بولدى. خانىم زۆھرەنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ: «قاراڭ، تاتلىق قىزىم، بۇ ئىككىيلەن ياخشى ئادەملەر، شۇنداققۇ؟ ئەسلىدە، بۇ سۆيۈملۈك ئەر ـ ئايال سىزنىڭ ھەقىقىي ئاتا ـ ئانىڭىز بولىدۇ، مەن سىزنى بۇ يەرگە ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى ئەكەلدىم. سىز <پىلانلىق تۇغۇت> سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان. بۇ سىياسەت بويىچە ئاپىڭىز سىزنى تۇغسا بولمايتتى، شۇڭا ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنى مېنىڭ بېقىشىمغا تاپشۇرغان. بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىزنى پاراكەندە قىلىشىنى خالىمايتتۇق» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان زۆھرەمۇ: «ياق، ئاپا، مەنمۇ ئۇلارنىڭ خاپىلىققا

قىلىشىنى خالىمايمەن ...» دېدى ۋە ئاخىرى ئىچىنى تاتىلاۋاتقان ئىزتىراپتىن قۇتۇلدى. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ «ھەقىقىي» ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ياشاشنى خالىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن بۇ رېئاللىققا بەرداشلىق بېرىشكە بەل باغلىدى ۋە بۇ گەپنى قايتا تىلغا ئالمىدى.

ئاقكۆڭۈل قوشنىلار زۆھرە توغرىسىدىكى بۇ «سەمىمىي يالغانچىلىق»نى داۋاملاشتۇرۇشقا قوشۇلدى ۋە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ سەككىز بالىسى زۆھرەنىڭ «قېرىنداشلىرى»غا ئايلاندى. ئۇلار باشقا سەككىز بالىسىغا قىلغاندەك، ئالاھىدە كۆڭۈلدە زۆھرەگىمۇ سوۋغاتلارنى ئېلىپ بەردى. سەككىز بالىمۇ زۆھرەنى بارلىق پائالىيەتلىرىگە «توققۇزىنچى» بالا، يەنى ئائىلىنىڭ كەنجى پەرزەنتى سۈپىتىدە قاتناشتۇردى.

ئارىدىن يىللار ئۆتتى، زۆھرەمۇ خۇشال ـ خۇرام ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ مۇھەببەت ۋە ئۈمىدكە تولغان ياخشى خاراكتېردە يېتىلىۋاتاتتى. كىچىك ۋاقتىمدا بۇ ئىشلارغا ئىشەنگۈم كەلمەي، ئاپامدىن توختىماي: «ئاپا، ئۇلار زۆھرەگە يالغان سۆزلىدىمۇ؟ ئاللاھ يالغانچىلىققا رازى بولامدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان ھەرگىز يالغان سۆزلىمەسلىكى كېرەك، دېگەنىدىغۇ؟ ھەقىقىي ئەھۋال زادى قانداق؟» دەپ سورايتتىم. ئاپام ئۆزۈن يىللارغىچە بۇ سوئاللىرىمنى جاۋابسىز قالدۇردى. تەخمىنەن 14 ياش ۋاقتىلىرىم بولسا كېرەك، سوئاللىرىمدىن زېرىككەن ئاپام: «ئۇنىڭ دادىسى بىر ختاي! ئەمدىغۇ رازى بولغانسەن؟» دەۋەتتى. مەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلارىمنى بىلمەيلا قالدىم ۋە شۇ سوئالنى سورىغانلىقىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلدىم.

ئۇ چاغلاردا ھېچقانداق ئۇيغۇر ئايال ختايلار بىلەن توي قىلمايتتى. خەلقىمىز ختايلارنىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكىنى، يەرلىك خەلققە ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەچكە، ختايلار بىلەن توي قىلىش مەسىلىسىدىكى مەيدانى تولىمۇ ئېنىق ئىدى. مەن بۇ گەپنى قايتا تەكىتلىدىم. ئەگەر زۆھرە ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلسە قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرەلمەيمەن. مەن ئەھۋالنى شۇ پېتى قوبۇل قىلىپ، بۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچماسلىقنى قارار قىلدىم.

يىللار ئۆتۈپ، زۆھرە بويىغا يەتتى ۋە ئۇنىڭ توي ئىشىنى ئويلىشىدىغان ۋاقىت كەلدى. زۆھرەنىڭ كەنتىدىكى ياش ئىمام ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قويدى، زۆھرەنىڭمۇ ئۇنىڭغا بەكلا مايىللىقى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تويى پۈتۈن ئەھلىمەھەللە قاتناشقان كۆڭۈللۈك مۇراسىم ئىچىدە ئۆتتى. زۆھرە بەختلىك يېڭى تۇرمۇشىنى باشلىدى. تېخى يېقىندىلا زۆھرەنىڭ ھېلىھەم ھېلىقى ئىمام ئېرى ۋە چىرايلىق ئىككى ئوغلى بىلەن ياشاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. مەن ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم. يېقىندا كۆرگەن سۈرەتتىن قارىغاندا، ياش ئىمام ساقاللىرىنى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋېتىشكە قوشۇلغاندى. ھالبۇكى، ئۇ ئىلگىرى بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمىغان ۋە بۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باقمىغانىدى. زۆھرەمۇ ھىجابلىق ئايالدىن «ھىجابسىز ئايال»غا ئۆزگەرتىلگەنىدى. بىز بىللە چوڭ بولغان چاغلاردىلا، زۆھرەنىڭ سىماسى ئاللىقاچان خاتىرەمگە ئورناپ كەتكەنىدى.

بۇندىن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، مەن بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ «ئىستىقلال تېلېۋىزىيە»سىنىڭ يۇتۇب قانىلىدا زۆھرەنىڭ ئاپىسى ئۇنى ئېلىپ كەلگەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاشۇ شەھەردىكى «بالا تۇغۇش ماشىنىسى»غا ئايلاندۇرۇلغان ئاياللار ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنى گۇۋاھلىقى ماڭا خۇددى زۆھرەنى ھېلىقى ياشانغان خانىمغا ئەكېلىپ بەرگەن ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنى تەسۋىرلەۋاتقاندەكلا بىلىندى. «يا رەببىم! زۆھرە ئەسلى مۇشۇنداق تۇغۇلۇپ، خىتاي دادىسى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنىكەندە!». ئۇيغۇر تىلىدا گۇۋاھلىق بەرگەن بۇ ئايال ئۇ شەھەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قىلىنغان نۇرغۇن زىيانكەشلىكلەرگە ۋە قىز بوۋاقلارنىڭ قانداق تاشلىۋېتىلگەنلىكىگە شاھىت بولغانىكەن. ئادەتتە، بۇ خىتاي ئەمەلدارلار ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇپ، مال – بىساتىنى شۇلارغا مىراس قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئەگەر بوۋاق قىز بولۇپ چىقسا، ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەستىن بوۋاقنى ۋە ئاپىسىنى تاشلىۋېتىدۇ.

زۆھرە ئەنە شۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە ھېلىقى ياشانغان خانىمغا ئەكېلىپ بېرىلگەنىدى. مەن ئاخىرى 25 يىلدىن كېيىن، چىرىكلىكتە ئۇچىغا چىققان، پۈلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان، ئىرقىي قىرغىنچى خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىزلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شەكىلدە قانداق خارلانغانلىقىنى چۈشەندىم.

خەلقئارا تاراتقۇلاردا تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدىكى قىيىن – قىستاق، باسقۇنچىلىق، قاتىللىق، مەجبۇرىي ياكى كونترول قىلىنغان بالا چۈشۈرۈش ۋە تۇغماس قىلىۋېتىش توغرىسىدىكى گۇۋاھلىقلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيمەكتە. شەرقىي تۈركىستاندا بالىلارنى خورلاش، تىرىك تۇرغۇزۇپ بەدەن ئەزاسىنى ئېلىۋېلىش، نەچچە يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى قۇل قىلىش، شۇنداقلا ئۇلارنى ياش ۋە جىنس ئايرىمىسىغا ئاساسەن، مەجبۇرىي ئەمگەكچى سۈپىتىدە خىتاي زاۋۇتلىرىغا تۈركۈملەپ سېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. مىليونلىغان ئۇيغۇرلار سوتلانماستىنلا، جازا لاگېرلىرى ۋە تۈرمىلەردە تۇتۇپ تۇرۇلماقتا. خىتاي دائىرىلىرى ئالىملارنى، ئىنژېنېرلارنى، سەنئەتكارلارنى ۋە ئىماملارنى ئۆلتۈردى. مەن ئاشۇ ۋەھشىي كوممۇنىزم تۈزۈمى ئاستىدا ياشىغان 26 يىلدا، بۇ قىلمىشلار ماڭا بىنورمال تۇيۇلماپتىكەن.

چۈنكى، (بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە جايىنى قاپلىغان) زامانىۋى جازا لاگېرلىرىدىكى نارەسىدە بالىلارغا ئوخشاشلا، ئەينى چاغدا مېنىڭمۇ مېڭەم يۇيۇلغانىدى. ئەگەر مەن شەرقىي تۈركىستاندا تۇرىۋەرگەن بولسام، ئوخشاشلا تۇغماس قىلىنغان بولاتتىم. بەلكىم ئاپام ئاشۇنداق قىسمەتكە دۇچ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن يەنە نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىم ۋە نەۋرە تۇغقانلىرىمدەك تۇتۇپ كېتىلگەن بولاتتىم. تۇتقۇن قىلىنمىغان ۋە تۈرمىگە تاشلانمىغان تەقدىردىمۇ، مەن يەنىلا ئۆي – ماكانسىز، جۇل – جۇل كىيىنگەن بالىلارنىڭ كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ۋە ئاللىكىملەرنىڭ ئاتا – ئانىلىرى «قايتا تەربىيەلىنىشى» كېرەك بولغان بۇ بالىلارغا

ۋارقىراپ، سىلكىشلىگىنىنى كۆرگەن بولاتتىم. بۇ باللار ختاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سىياسىي «خاتالىق» دەپ قارىلىدۇ، قوشنىلارنىڭ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى چەكلىنىدۇ. ئەگەر مەن شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپ، قولغا ئېلىنمىغان بولسام، موماىلارنىڭ ياكى بوۋايلارنىڭ ئەتىسى يېگۈدەك بىر نەرسە سېتىۋالغۇدەك پۇل تېپىش ئۈچۈن، بىرەر خالتا مېۋىنى ياكى بىرەر يەشىك ياڭاقنى ساتماقچى بولۇپ، خېرىدارغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن بولاتتىم. ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئوغۇل ـ قىزلىرى جازا لاگېرلىرىغا سولانغان بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز، تىنىمسىز جىسمانىي ۋە روھىي قىيناشلارغا ئۇچراۋاتاتتى.

مېنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشىمگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. قىسقا چاچ قويۇشقا، ئۆيۈمدە يېتىپ قوپىدىغان ختاي «تۇغقىنىم»نىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچىشكە، چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇرلىناتتىم. مەيلى شەخسىي ياكى ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن، ھەممىشە ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشۈم كېرەك بولاتتى. ھەتتا، تېخىمۇ ئېغىر ئىشلار بېشىمغا كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، كانادا ئاۋام پالاتاسى 266 گە قارشى نۆل ئاۋاز بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاش كېرەكلىكىنى قارار قىلدى. مەن بۇ قارارىدىن خۇددى ئامېرىكانىڭ سابىق دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى «(21 ـ ) ئەسىرنىڭ دېغى» دېگەن چاغدىكىدەكلا ھاياجانلاندىم. ئەمما، بۇ ھېسسىياتىمنى خۇشاللىق دېيەلمەيمەن، چۈنكى بۇ خۇشاللىق ئەمەس.

مەن ھازىر تەخمىنەن ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەن زۆھرەنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق، ختايلار شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ «يېڭى چېگرا»سى (ختايچە 新疆) دەپ جاكارلىغاندىن بۇيان يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى بايان قىلماقچى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ياشاۋاتقان سان ـ ساناقسىز «زۆھرە»لەر بار، ئۇلار ھەققىي ئەھۋالنى بىلىشكە ھەقلىق. ئاشۇ ياشانغان ئۇيغۇر خانىمغا ئوخشاش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن «زۆھرە»لەرنى بېقىۋېلىش خەتىرىگە تەۋەككۇل قىلغان نۇرغۇن ئائىلىلەر بار. ئەمما، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىيىنلىش، ئۆلتۈرۈلۈش ياكى قۇل قىلىنىشتىن ئىبارەت غايەت زور تەھدىت ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ. دۇنيا ھېچ بولمىغاندا بۇ كىشىلەرنىڭ جەننەتتەك گۈزەل قەلب بىلەن ياشىغانلىقىنى بىلىپ قويۇشى كېرەك.

2021 ـ يىلى، 25 ـ فېۋرال

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئۆتكۈر ئالماس



# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

www.uyghurkitap.com

# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**ھەدىس شەرىپلەر رەسمىي خاتىرىلىنىپ بىزگە يېتىپ كەلگىچە بىر نەچچە مۇھىم تارىخىي باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۇنجى باسقۇچتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانداشلىرى بولغان ساھابىلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان ۋە ئەسىرلەردىن بېرى شۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، مەدەنىيىتى، مىللىي پسىخىكىسى ۋە ئاساسلىق قىممەت قاراشلىرىغا ئىنچىل چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ئۇنداقتا ساھابىلەر ھەدىس شەرىپنى قانداق ئۆگىنىپ، قانداق ئەمەل قىلغان، قانداق ئۆگىتىپ، ھاياتىغا قانداق تەتبىقلىغان؟**

**1. ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۆگىنىشى:**

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە بولۇۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم ياشىماستىن، بەلكى ساھابىلەر ئارىسىدا شۇلا رىبلەن بىللە ياشايتتى. مەسچىتتە بولسۇن، بازاردا بولسۇن، ئۆيدە بولسۇن، سىرتتا بولسۇن ياكى سەپەردە بولسۇن ئىشقىلىپ بارلىق جايلاردا ساھابىلەر بىلەن قويۇق ۋە زىچ ئارىلىشىپ ئۆتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكەت، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ھەمىشە بارلىق ساھابىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەردىلا بولىدىكەن، شۇ جاي تەبىئىيلا ئىلىم سورۇنىغا ئايلىناتتى. مەسچىت ئىچىدە ئۇ دەرس ئۆگەتكۈچى، ناتىق، ۋەزچى ۋە پەتىۋا بەرگۈچى ئىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە قوماندان ئىدى. شىددەتلىك جەڭلەرنىڭ بەزىلىرىدە ساھابىلەر ئۇ زات ئارقىلىق دالدىلىناتتى. ئادەتتە يولدا كېتىۋاتقاندا ئەڭ ئاددىي ۋە ئاجىز كىشىلەرمۇ تارتىنماستىن ئۇنى توختىتىۋېلىپ، دىنىي مەسىلىلەرنى بىمالال سورىيالايتتى. ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ سورۇنلىرىغا ھەدىس ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك بالىلىرىنىمۇ بىللە ئەگەشتۈرۈپ باراتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا دىنىي جەھەتتىكى مەسىلىلەردىن تەلىم بېرىشتىن تاشقىرى، ئۇلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرەتتى، نازىل بولۇۋاتقان قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مۇئەييەن مەنىلىرىنى يېشىپ بېرەتتى ۋە ياكى ساھابىلەردىن سادىر بولغان، دىنىي جەھەتتىكى توغرىلىقنى ئايرىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە قارىتا سۈكۈت قىلىش ۋە ئىپادە بىلدۈرمەسلىك ئارقىلىق شۇ ئىشلارنىڭ چەكلەنمەيدىغانلىقى ۋە يوللۇقلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇپ، ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن بەھرىلىنىشكە ۋە ئۆلگە ئېلىشقا شۇقەدەر ھېرىسمەن ئىدىكى، ھەتتا ئۇلار ئۆچرەت ساقلاپ، نۆۋەت بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ سورۇنلىرىغا قاتنىشاتتى. بۇ ھەقتە سەھىھۇلبۇخارىدا خاتىرىلەنگەن بىر ھەدىستە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ:«مېنىڭ ئەنسارلاردىن بولغان بىر خوشنام بار ئىدى. ئىككىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ سورۇنىغا نۆۋەتلىشىپ يۈرۈپ، بىر**

www.uyghurkitap.com

كۈنى ئۇ، بىر كۈنى مەن باراتتىم. ئاندىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا ۋە سۆھبەتلىرىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ھەممە نەرسىنى بىر ـ بىرىمىزگە يەتكۈزەتتۇق.» ئۇندىن باشقا ساھابىلەر ئىچىدە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردەك پەيغەمبىرىمىز قەيەردە بولمىسۇن سايىسىگە ئوخشاش داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇپ، يېنىدىن ئايرىلمايدىغانلارمۇ بار ئىدى. يەنە بەزىلەر دېھقانچىلىق، سودا ـ سېتىق قاتارلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، بىر تۈركۈم ئەھۋاللاردا پەيغەمبىرىمىز بار بولغان تۈرلۈك سورۇنلارغا تولۇق قاتنىشىپ ھەمسۆھبەت بولۇپ بولالمايتتى. بىراق ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ سورۇنلىرىدا بولالماي قالغان چاغلاردىكى ئاڭلىيالماي قالغان بارلىق تەلىم ـ تەربىيەلەر، كۆرسەتمە ـ يوليورۇق ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىماتلارنى باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. مەدىنە مۇنەۋۋەردىن ئەڭ يىراق بولغان ئەرەب قەبىلىلىرىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى سوراپ بىلىۋېلىش ئۈچۈن دائىم مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزدىن دىنىي ئەھكاملارنى تىرىشىپ ۋە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، يۇرتلىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن دىنىي يېتەكچى بولۇپ، باشقىلارغا ئۆگىتەتتى. بىرەر ساھابە زۆرۈر بولغان بىرەر مەسىلىگە دۇچ كېلىپ قالسا، شۇ ھامان ئارىلىقنى يىراق كۆرمەستىن دەرھال كېلىپ پەيغەمبىرىمىزدىن سوراپ بىلىۋېلىپ، ئاندىن قايتىدىن تۇرۇشلۇق ئورنىغا قايتىپ كېتەتتى. ئالايلۇق، بىر ئايال ھەزرىتى ئۇقبە ئىبنى ئامىرغا ئۆزىنىڭ ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىنى ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا ئېمىتىپ قويغانلىقىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ئېمىلدەش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇقبە دەرھال ئارىلىقنى يىراق كۆرمەستىن، مەككىدىن ئاتلانغان پېتى مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ (مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقى بىزنىڭ قەشقەر بىلەن خوتەندەك كېلىدۇ. ئۇ زامانلاردا قەشقەر ـ خوتەن ئارىسىدىكى مۇساپىنى بوۋىلار ئاتلىق بەش كۈن، ئېشەكلىك ئون كۈندە، كارۋانلىق 15 كۈندە باسقان ئىكەن) پەيغەمبىرىمىزگە ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ساھابە ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى بىلەن شۇ ھامان ئاجرىشىپ كەتكەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىلىم سورۇنلىرى ئەرلەرگىلا خاس بولماستىن، نۇرغۇن ئاياللارمۇ مەسچىتلەرگە ۋە ھېيتنامىزىغا ئوخشاش چوڭ جامائەت سورۇنلىرىغا ھازىر بولۇپ ئۇ زاتتىن بىۋاستە ئىسلامدىن تەلىم ئالاتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ سورۇنلارغا كۆپىنچە ئەر كىشىلەر كۆپرەك قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، خانىم ـ قىزلار ئۈچۈن ئايرىم كۈن ئاجرىتىپ، مەخسۇس شۇلارغىلا دىندىن بىۋاستە تەلىم بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغان. ئاياللار ئۆگىنىشتە خىجىل بولسا بولمايدىغانلىق پىرىنسىپىنى بىلگەچكە، شۇ سورۇندا سورىماقچى بولغانلىرىنى تارتىنماستىن سوراۋېرەتتى. ئۇلارتولا چاغلاردا ئالدى بىلەن :« ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاللاھ ھەقىقەت ئۈستىدە تارتىنىپ تۇرمايدۇ» دەپ قويۇپ ل اسوئاللىرىنى سورايتتى. سەھىھۇلبۇخارىدا خاتىرىلەنگەن بىر ھەدىستە، بەزى ئاياللار :« ئايال كىشى ئېھتىلام بولۇپ قالسا غۇسلى قىلىشقا توغرا كېلەمدۇ؟!» دەپ سورىغان. سوئال سوراشتا كۆپىنچە ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرى جۈرئەتلىك ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ ھەقتە:« ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرى نېمىدېگەن ياخشى ئاياللار. ئۇلار دىنىي بىلىملەرنى سوراپ بىلىۋېلىشتىن تارتىنىپ ئولتۇرمايدۇ» دېگەنىدى. دىنىي مەسىلىلەرنى پەيغەمبىرىمىزدىن بىۋاستە سوراشتا خىجىللىق ھېس قىلغان ساھابە ئاياللار «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ھېسابلىنىدىغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى ئارقىلىق سوراپ بىلىۋالاتتى. بەزى ساھابىلەرنىڭ ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى نازۇك مەسىلىلەرنى ئاياللىرى ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىدىن سوراپ ۋاستىلىق بىلىۋالىدىغان ئادەتلىرى بار ئىدى. بىر ساھابە روزىدار ھالەتتە ئايالىنى سۆيۈپ قويىسا روزىسىنىڭ بۇزۇلىدىغان، بۇزۇلمايدىغانلىقىنى سوراش ئۈچۈن ئايالىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەن.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە ئۇنىڭغا :« پەيغەمبىرىمىز روزىدارتۇرۇپ ئاياللىرىنى سۆيۈۋېرەتتى» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

2 . ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەتراپىدىكى خان ـ پادىشاھلارغا ئەلچى ئەۋەتىش، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان قەبىلىلەردىن ئەلچى كېلىشىنىڭ ھەدىسنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقىلىشىدا ئوينىغان رولى :

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۈچ يىلغىچە ( يەنى مىلادى 610 ـ يىلدىن 614 ـ يىلغىچە) ئىزچىل يوشۇرۇن داۋاملاشتى. ئاندىن ئاللاھنىڭ :« ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرىلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن» ( سۈرە ھىجىر، 94 ـ ئايەت) دېگەن ئەمرى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 614 ـ يىللا ئىسلام دىنىنى ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىدى. مەككىنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىزگە قارىتىلغان دەشنام ـ كۆلپەتلەر ۋە قىيىن ـ قىستاقلار تېخىمۇ كۈچەيدى. ھەتتا ئۇنىڭغا بىۋاستە زىيانكەشلىك قىلىش ۋە جېنىغا قەست قىلىش دەرىجىسىگە يەتتى. ( 622 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىردىكى مەككە ئاقسۆڭەكلىرى ئاچقان يېپىق يىغىندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى 12 قەبىلىدىن 12 كىشى بىرلا ۋاقىتتا 12 قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش قارارى قوبۇل قىلىنغان). بۇ ئارىدا مەدىنىلىكلەردىن نۇرغۇن كىشى مۇسۇلمان بولدى. پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە 622 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر مەككىدىن مەدىنىگە قاراپ ھىجرەت قىلىپ، 23 ـ سېنتەبىر مەدىنىگە سالامەت يېتىپ كەلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەدىنە مۇنەۋۋەر ئاللاھ ۋەھيي نازىل قىلىدىغان مۇقەددەس جايغا، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق تايانچ بازىسىغا ئايلىنىپ «مەدىنە مۇنەۋۋەر ـ يەنى نۇرلۇق شەھەر» دېگەن قۇتلۇق نامغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەدىنە « يەسرەب ـ يەنى بارچە پىتنە ـ پاسات ۋە يامانلىقنى بىلدۈرىدىغان جاي» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان نام ئىدى. مۇشرىكلار ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى دىنىي رەقىپلەرنىڭ توختاۋسىز ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك سۇيىقەستلىرى، ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشلىرى ۋە دۈشمەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئۇرۇش ـ يېغىلىق ۋە جېدەل ـ ماجرالار كۆپ بولۇپ جاھان تىنچىمىغانلىقتىن، دىنىي دەۋەتنىڭ ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە ۋاقتىدا يېتىپ بېرىشىغا توسالغۇلار ۋە قىيىنچىلىقلار كۆپ بولدى. ھەتتا 626 ـ يىلدىكى خەندەك ئۇرۇشىغىچە بولغان بەش يىلدا ئىسلام دىنىنى ئەرەب يېرىم ئارىلى مىقياسىدا ھەر تەرەپكە تارقىتىش ئىمكانىيىتى بولماي قالدى. شۇڭا 627 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز بىلەن مەككە مۇشرىكلىرى ئارىسىدا ئون يىللىق تىنچلىق كېلىشىمى «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى» تۈزۈلدى. بۇ سۈلھىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ھەر قايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا قايتىدىن بېرىش ـ كېلىش ۋە باشقا مۇئامىلە ئىشلىرى ئەسلىگە كەلدى. ئەرەبلەردىن نۇرغۇن ئادەم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ قىسقا پۇرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەتراپتىكى ھەر قايسى پادىشاھلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ يوللىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن قەبىلىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىدىغان ئىستىداتلىق دەۋەتچىلەرنى ئەۋەتتى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ چەتلىرى ھېسابلانغان يەمەن، ئومان، ھەزرىمەۋت، يەمامە ۋە بەھرەيىن قاتارلىق جايلارغىمۇ ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلاردىنمۇ جاۋابەن ئەلچى كەلدى. بۇ ئەلچىلەر ۋە دەۋەتچىلەر ھەم قۇرئان كەرىم، ھەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بىلەن قوراللانغان بولۇپ، بارغانلىكى جايىنى ھىدايەت نۇرى بىلەن يورۇتاتتى. ئۇلار ئەرەب يېرىم ئارىلى مىقياسىدا ھەدىسلەرنىڭ ھەر تەرەپكە تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا ھەدىسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تەلىم بەرگەن. ئۇلارنى گۈزەل ۋەز ـ نەسىھەت ئۇسۇللىرى ۋە دەۋەت مېتودلىرى بىلەن پۇختا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەربىيىلىگەن. ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن:«سەن ئەھلى كىتاب بولغان خەلقنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسەن. سەن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن. بۇنى قوبۇل قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا يىلىغا بىر قېتىم رامىزان ئېيى روزىسىنى تۇتۇشنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن. بۇنى قوبۇل قىلسا قادىر بولالىغان كىشىنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشنى ئاللاھ پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن. بۇنى قوبۇل قىلسا بايلىرىنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئېلىنىپ كەمبەغەللىرىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن.» (بۇخارى ۋە باشقىلار توپلىغان) مانا شۇنداق قابىل دەۋەتچىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى بويىچە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ، ھەدىسنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىغا غايەت زور كۈچ چىقارغان ۋە ئۇنتۇلماس تۆھپە قوشقان. 629 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى مەككە مۇشرىكلىرى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە ئوچۇق ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەكىر قەبىلىسىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان خۇزائە قەبىلىسىگە قارشى ئۇرۇشقا كۈشكۈرتۈپ، قورال ـ ياراق ۋە ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن. ئاقىۋەت تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغان خۇزائە قەبىلىسى ئېغىر چىقىم تارتىپ، ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن. قەبىلە باشلىقى مىڭ تەستە مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالغۇدەك قايغۇلۇق مىسرالار بىلەن دەرت تۆككەن. بۇ ھال ساھابىلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى ۋە نارازىلىقىنى قوزغىغان. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز كېڭەش ئارقىلىق، ئاخىرى مەككە پەتھىسى ئۈچۈن مەدىنىدىن قوشۇن تارتقان. چوڭ قوشۇن 629 ـ يىلى دېكابىرنىڭ سالقىن كۈنلىرى يولغا چىقىپ، مەككىنى 630 ـ يىلى رامىزاننىڭ 20 ـ كۈنى، يەنى 11 ـ يانۋار كۈنى تىنچ پەتھى قىلغان. پەيغەمبىرىمىز 22 كۈندەك مەككىدە يېڭى تەرتىپ ئورنىتىپ، ئاندىن كېيىن مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي تائىف تەۋەسىدە توپلىنىۋاتقان مۇشرىكلارغا قارشى سەپەرۋەرلىك قىلىپ، مەدىنىدىن ئېلىپ كەلگەن ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا مەككىدە يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئىككى مىڭ جەڭچىنى قوشۇپ، 12 مىڭ ئەسكەر بىلەن تائىفقا يۈرۈش قىلغان. ئەۋتاس جىلغىسىدىكى ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ ئۈستىلىك بىلەن قۇرغان پىستىرمىسىنى بىتچىت قىلغان پەيغەمبىرىمىز «ھۇنەيىن غازىتى» دا ئۆزۈل ـ كېسىل غەلىبە قىلغان. بۇ ئۇرۇش ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىچىدە ھېچقانداق بىركۈچنىڭ ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز بىلەن تەڭ تۇرالىغۇدەك كۈچى يوقلۇقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالغان. چۈنكى مەككە ۋە تائىف مۇشرىكلىرى يېڭىلىپ قالدى دېگەنلىك، باشقا بارلىق جاھالەتچى كۈچلەر مەغلۇپ بولدى دېگەنلىك ئىدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ ئەلچىلىرى مەدىنىگە توپ ـ توپ بولۇپ كېلىپ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە ھەدىسلەرنى ئۆگىنىپ، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئۇلارغا پەيغەمبىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى تولۇق يەتكۈزگەن. ھەتتا ھىجرەتنىڭ 9 ـ يىلى شۇيىلى مەدىنىگە كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن «ئەلچىلەر يىلى» دەپ ئاتالغان. بولۇپمۇ 630 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز ئۆزى بىۋاستە قوشۇن تارتىپ، 30 مىڭ ئەسكەر ساھابە بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ھىراكلىيۇسقا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، بۇ ئۇرۇشنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان ھەر قايسى ئەرەب قەبىلىلىرى شۇ ھامان مەدىنىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، يالغۇز دىنىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى سىياسىي جەھەتتىنمۇ ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزگە بەيئەت قىلغان. بۇ ئامىللار 630 ـ يىلىنىڭ «ئەلچىلەر يىلى» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان. چۈنكى ئەينى چاغدىكى پېرسىيە ساسانىلار ئىمپېرىيىسى ( 226 ـ 651 ) بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ( 395 ـ 1453 ) خۇددى يېقىنقى زامانىمىزدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا ئوخشاش قەدىمقى دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك دەپ قارالغان ئىككى قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى. بۇلار

ئىچىدىكى بىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئەمەلىيەتتە ئەرەبلەرنىڭ ئۇخلاپ چۈشكىمۇ كىرمەيتتى. دەل مۇشۇ ئامىل ئۇلارنىڭ باتىل ئېتىقادىدىن ھەق دىنغا يۈزلىنىشىدە ۋە پەيغەمبىرىمىزدىن بۇ يېڭى دىننى ئۆگىنىشىدە ھالقىلىق رول ئوينىدى. شۇڭلاشقا ئەلچىلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشى قانداقتۇر بىرەر ھەدىيە، سوۋغا ـ سالامغا ئېرىشىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن دىنىي مەسىلىلەرنى ۋە ئەھكاملارنى سوراپ بىلىۋېلىش ئىدى. بىر كۈنى ئابدۇل قەيس ئايمىقىنىڭ ئەلچىلىرى پەيغەمبىرىمىز ھۇزۇرىغا كېلىپ:« ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزناھايىتى يىراق جايلاردىن بۇ يەرگە كەلدۇق. بىزنىڭ يۇرتىمىز بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىسىدا مۇزەر قەبىلىسىنىڭ ئايماقلىرى (تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئايماقلار) بار. شۇڭا بىز بۇ يەرگە پەقەت ئۇرۇش ھارام قىلىنغان تۆت ئايئ ىچىدىلا كېلەلەيمىز. بىزگە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تولۇق بايان قىلغىن. بىز قايتىپ بېرىپ بۇ يەرگە كېلەلمىگەنلەرگە يەتكۈزەيلى» دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا :«سىلەرنى يېگانە بىرلا ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيمەن. بىلەمسىلەر؟ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش دېگەن ـ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر ـ دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋە غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا سىلەرنى قاپاق، مەنتەم، نەقىر ۋە كاساڭلاردا شاراب ئىچىشتىن مەنئىي قىلىمەن. يۇقىرىقىلارنى ئېسىڭلاردا ساقلاپ بۇ يەرگە كېلەلمىگەن ئاۋامغايەتكۈزۈڭلار» دېگەن. ئۇندىن باشقا بەنى سەئىد ئايمىقىنىڭ ئەلچىسى زىمام ئىبنى سەئلەبە پەيغەمبىرىمىز ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىي تۈۋرۈكلىرى ھەققىدە سوئال سوراپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن :« مەنكى زىمام ئىبنى سەئلەبە مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتتىم ۋە تەستىقلىدىم». ئۇ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز :«بۇ ئادەم دىنىي ئىشلارغا ئالىم بولدى » دېگەن. راس دېگەندەك زىمام ئايمىقىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆز قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولغان. ئەلچىلەرنىڭ دەۋەتتىكى قىزغىنلىقى شۇنداق يۇقىرى ئىدىكى، ئۇلار پەيغەمبىرىمىزدىن بىۋاستە ئۆگەنگەنلىرىنى قەۋمىگە يەتكۈزۈشكە تەقەززالىق بىلەن ئالدىرايتتى. توجىب ئايمىقىغا ۋەكىل بولۇپ كەلگەن 13 نەپەر ئەلچى ئالدى بىلەن قۇرئاندىن تەلىم ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە بولغان قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇلاريۇرتىغا قايتماقچى بولغاندا پەيغەمبىرىمىز ئۇلاردىن :« نېمىگە قايتىشقا بۇنچە ئالدىرايسىلەر؟» دەپ سورىغاندا ،ئۇلار :« يۇرتىمىزدا قالغانلارغا پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچراشقانلىقىمىزنى ۋە ئۆگەنگەنلىرىمىزنى يەتكۈزۈشكە ئالدىراۋاتىمىز» دەپ جاۋاپ بەرگەن. سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قۇرئان تىڭشىشى ۋە ساھابىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشىنى كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىنىپ مەسچىتنىڭ بىر تەرىپىدە چېدىر تىكىپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ ۋە تەلىم ئېلىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس ناھايىتى تىرىشچان يىگىت بولۇپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇرئان كەرىم ئۆگىنەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇخلاپ قالغاندا ئۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن ھەدىس ئۆگىنەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا قۇرئاندىن كۆپ ئايەت ۋە ئەھكاملارنى تولۇق يادلىۋالغان. ئۇ قۇرئان ئوقۇشقا ۋە دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولغاچقا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى گەرچە يېشى كىچىك بولسىمۇ ئەلچىلەرگە باشلىق قىلىپ قويغان. يەنە نۇرغۇن قەبىلە ـ ئايماقلاردىن كەلگەن ئەلچىلەرمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم بۇلىقىدىن ئوتلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ توپ پىرىنسىپلىرى ۋە تۈرلۈك ئەھكاملىرىنى پۇختا ۋە ئەتراپلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگىلىگەندىن كېيىن، يۇتىداشلىرىغا تەلىم بېرىش ۋە خوشنا قەبىلە - ئايماقلارغا تارقىتىش يوللىرى بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىغا ئاساس سالغان.

### 3 . ھەدىس شەرىپىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاختىدا خاتىرىلىنىش ئەھۋالى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەر قۇرئان كەرىمگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا قۇرئان كەرىم ساھابىلەر تەرىپىدىن تولۇق يادقا ئېلىنغان. ئۇنىدىن باشقا ھايۋانات تېرىلىرى، ئۇستىخان - سۆڭەكلىرى، دەرەخ قوۋزاقلىرى، سىلىقلانغان تاش پارچىلىرى ۋە خورما شاخلىرى قاتارلىق نەرسىلەرگە يېزىلىپ ۋە ئۇيۇلۇپ تولۇق خاتىرىلەنگەن. دېمەك قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاختىدىلا بىر توپلام ھالىتىگە كەلتۈرۈلمىگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قەلبتە تولۇق يادقا ئېلىنىش، قەلەمدە تولۇق خاتىرىلىنىش بىلەن مۇكەممەل ساقلانغان. ساھابىلەر قۇرئان كەرىمگە قاتتىق بېرىلىپ، ئەس - يادى قۇرئان بىلەن بولغانلىقتىن، قۇرئاننى يادلاش ۋە خاتىرىلەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن. پەيغەمبىرىمىز ئەلچىلىك بۇرچى ۋە داھىيلىق سۈپىتى بىلەن ساھابىلەر ئارىسىدا 23 يىل ياشىغان (ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە شۇنداق. ئەمما مىلادىيە كالېندارى بويىچەساق 22 يىل يەنى، 622 - يىلدىن 632 - يىلغىچە) بولۇپ، بۇ جەرياندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىنى تەلىم بېرىش، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، سورالغان سوئاللارغا جاۋاپ بېرىش، قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىزاھلاپ مەنىسىنى يېشىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە قىلغان سۆزلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلارنى ۋەپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى خەت يازالايدىغان ساۋاتلىقلار چەكلىك بولغان شارائىت ئاستىدا ساھابىلەرنىڭ تامامەن خاتىرىلەپ كېتەلىشى قىيىن ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ قۇرئان بىلەن بولغان تونۇشلۇقى تېخى يېڭى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇقۇشماسلىقتىن قۇرئان بىلەن ھەدىس ئارىلىشىپ كېتىش خەۋپى كۈچلۈك ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ھەدىسلەر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىلىرى) پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا قۇرئان كەرىم خاتىرىلەنگىنىدەك تولۇق خاتىرىلەنگەن ئەمەس. شۇڭلاشقا پەيغەمبىرىمىزمۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەدىسلەرنى يېزىپ خاتىرىلەشتى نەمنئىي قىلىپ مۇنداق دېگەن :«مەندىن قۇرئاندىن باشقىنى خاتىرىلەپ يازماڭلار. كىمكى مەندىن قۇرئاندىن باشقىنى ئاڭلاپ خاتىرىلىگەن بولسا ئۆچۈرۈۋەتسۇن». بۇ ھەقتە يەنە باشقا بىر نەچچە ھەدىس كەلگەن بولۇپ، مەنىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى ۋە تەشەببۇسى ئاساسەن ئوخشاش. بۇ خىلدىكى خاتىرىلەش مەنئىي قىلىنغان ھەدىسلەردىن باشقا يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېيىنچە ئىسلام دىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ قۇرئان كەرىممۇ قەلبلەردە ۋە قەلەملەردە مۇكەممەل ساقلىنىپ ساقلىنىۋاتقان پەيتلەردە ھەدىسلەرنى يېزىپ ۋە خاتىرىلەپ ساقلاشقارۇخسەت قىلغانلىقى ۋە خاتىرىلەشكە ئۆزى بۇيرۇغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلار، ھەمدە بىر قىسىم ساۋاتلىق ساھابىلەرنىڭ ھەدىسلەرنى ئىزچىل خاتىرىلەپ قالدۇرغانلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچلىك مەلۇماتلار زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە رافىئى مۇنداق دەيدۇ : «ئى رەسۇلۇللاھ، بىز سەندىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلايمىز، ئەمما ئۇنتۇپ قېلىشتىن قورقىمىز. ئۇلارنى يېزىۋالساق بولامدۇ؟ دەپ سورىۋېدۇق، پەيغەمبىرىمىز : ھېچ مەسىلە يوق،يېزىۋالساڭلار بولىدۇ، دېدى». پەيغەمبىرىمىز يەنە بىر ھەدىسىدە:«ئىلىمنى يېزىش ئارقىلىق چۈشەپ قويۇڭلار (يەنى ساقلىۋېلىڭلار)» دېگەن.(سۈيۇتى،جامىئۇس سەغىر) ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېگەن :«بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزگە ھەدىسلەرنى ئاسانلىقچە

يادلىيالمايدىغانلىقىدىن شىكايەت قىلغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا يادلاشتا يېزىقتىن پايدىلانغىن، دېگەن».

630 - يىلى 11 - يانۋار مەككە پەتھى قىلىنغان چاغدا ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز تولىمۇ تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىگەن. نۇتۇق ئاياغلاشقان چاغدا يەمەنلىك ئەبۇ شاھ دېگەن كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ :« ئى رەسۇلۇللاھ، ساھابىلىرىڭ ماڭا يېزىپ بەرسە، دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز شۇئان : ئەبۇ شاھقا يېزىپ بېرىڭلار، دېگەن». ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىمان ئېيتىپ، شۇ چاغدىن تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئومۇمەن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي ھەدىس ئۆگەنگەن، بۇ ۋەجىدىن ساھابىلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ھەدىس نەقىل قىلىش بىلەن مەشھۇر بولغان ئىلىملىك ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن باشقا ھېچبىر ساھابىسى مەندىن كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يازاتتى، مەن يازمايتتىم. (بۇخارى، 113) ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ شاگىرتلىرى ۋە كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ بايانىچە، ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆندىلىك ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى يېرىم كېچە يېقىنلاشقۇچە يادلاپ، ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ماڭغان.

ئىمام سۇيۇتى خاتىرىلىگەن بىر مەشھۇر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«قۇرئان بىلەن مېنىڭ سۈننىتىم تاكى قىيامەت كۈنىدىكى مېنىڭ كەۋسەر كۆلۈم بويىغا بارغۇچىلىك بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.» (سۇيۇتى، جامىئۇس سەغىر) ئىسلام دۇنياسىدىكى نوپۇزلۇق ھەدىسشۇناس ئالىملار يۇقىرىقى ئوخشاشمىغان مەزمۇندىكى ھەدىسلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ توغرا چۈشەندۈرگەن. ئىمام نەۋەۋى يۇقىرىقى ئىككى خىل ھەدىسلەرنى تەتبىقلاپ مۇنداق خۇلاسە چىقارغان:«ھەدىسنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن قورققان ئادەم ئۈچۈن يېزىشقا رۇخسەت قىلىنغان. ئېسىدە ساقلىيالايدىغان، يېزىشقىلا يۆلىنىۋالىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن مەنئىي قىلىنغان ياكى قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ ئۆز - ئارا ئارىلىشىپ كېتىش خەۋپى تۈگىگەندىن كېيىن يېزىشقا رۇخسەت قىلىنغان». بۇنداق خەۋپ بولمىغاندا يېزىشقا رۇخسەت قىلىنغان. ھەدىسلەرنىڭ بۇرۇنلا قۇرئانغا ئوخشاش مۇكەممەل ۋە تولۇق خاتىرىلەشنىڭ يولغا قويۇلمىغانلىقى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، بۇ چاغلاردا قۇرئان تېخى جەملىنىپ، تولۇق بىر توپلام شەكلىگە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەدىسمۇ قۇرئانغا ئوخشاش پارچە - پارچە خاتىرىلىنىپ ماڭسا، قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش خەۋپى بولاتتى. ئىمام بەيھەقى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن يەتكۈزگەن ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەدىسلەرنى خاتىرىلىمەكچى بولۇپ، بارلىق ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالغان. ساھابىلەرمۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇ ئىش توغرىلىق بىر ئاي ئىستىخارە سالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى «مەن ئەسلىدە ھەدىسلەرنى تولۇق خاتىرىلەشنى قارار قىلغان ئىدىم. ئەمما بۇ ئارىدا سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئىچىدىكى بىر قەۋمنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇلار كىتابلارنى يېزىپ، شۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئاللاھنىڭ كىتابىنى تاشلاپ قويۇشقان. شۇڭا مەن ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھنىڭ كىتابىغا باشقىسى ئارىلىشىپ كېتىپ، ئۇنى مۇجمەللەشتۈرىدىغان ئىشنى قىلمايمەن». يۇقىرىقى تارىخىي ئۇچۇردىن مەلۇمكى، خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئېھتىيات يۈزىسىدىن قۇرئاندىن باشقىنى خاتىرىلىمەسلىكنى، ھەدىسنى يەنىلا يادلاش بىلەن كۆپەيتىلىشىنى خوپ كۆرگەن. ھەدىسلەرنى يازماسلىق ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمى بولغان بولسا، ساھابىلەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلغان بولاتتى. ھەدىس شەرىپلەرنى خاتىرىلىمەسلىك ھەققىدىكى ھۆكۈم داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدىغان بولسا، ساھابىلەر ئۇنى يېزىشنى چەكلىگەن بولاتتى. ھالبۇكى، بەزى ساھابىلەرنىڭ مەخسۇس سەھىفىلىرى بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ بەزىسىنى يېزىۋالاتتى ۋە خاتىرىلىۋالاتتى. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى

www.uyghurkitap.com

ئەمرئىبنى ئاس شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىس خاتىرىلىگەن كىتابچىسى «سادىقە» دەپ ئاتىلاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن باشقا مەندىن ئارتۇق بىلىدىغان بىرسى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ خەت يازالايتتى ۋە ھەدىسلەرنى بىرمۇ بىر خاتىرىلەپ قوياتتى. ئەمما مەن ھەدىسلەرنى خاتىرىلىيەلمەيتتىم. ئابدۇللاھنىڭ ھەدىسلەرنى خاتىرىلەيدىغانلىقى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاندىن كېيىن،بەزى ساھابىلەر ئۇنىڭغا : سەن پەيغەمبىرىمىز ئېيتقان سۆزلەرنى يازىسەن، پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭدىن خاپابولۇشى مۇمكىن، دېگەندە، ئۇ دەرھال پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ ئىشنى ئېيتقان. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:« مەندىن ئاڭلىغانلىرىڭنى يېزىۋەرگىن. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئاغزىمدىن پەقەت ھەقىقەتلا چىقىدۇ» دېگەن. ئىسلام تارىخچىسى ئىبنى ئەسىر جەزەرىنىڭ "أسد الغابة" دېگەن كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئۆستىدە توختالغاندا ئۇنىڭ «سادىقە» دەپ ئاتالغان ھەدىس كىتابچىسىدا مىڭ ھەدىس بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇنىدىن باشقا ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تاختايلارغا يېزىۋالغان. ئىلىم سورۇنلىرىغا بارسىلا ئاشۇ تاختايلارنى بىللە ئېلىپ باراتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندا بىر تۆگىگە يۈك بولغىدەك يازمىلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئىزباسارى سەئىد ئىبنى جۇبەيرمۇ ئۇستازىنىڭ سۆزلىرىنى ئەينەن خاتىرىلىۋالاتتى. يازىدىغان تاختايلار تۈگەپ كەتسە، كىيىملىرىگە، بىلەكلىرىگە ۋە ئالقانلىرىغا يېزىۋېلىپ، ئۆيىگە قايتقاندا كۆچۈرۈۋالاتتى. ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سەھىپىلىرى كېيىنكى دەۋرلەرگىچە كىشىلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ ۋە تارقىلىپ كەلگەن. ھەر قايسى دەۋردىكى كىشىلەر ئۇلارنى خاتىرىلىگەن ۋە پايدىلانغان. شۇ ۋەجىدىن بارچە تەپسىر ۋە ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ھەزرىتى ئىبنى ئابباسنىڭ بىرىنچى قول مەنبەلىرى ۋە خاتىرىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ ئىزباسارى ئىبنى مۇنەببە ئۇستازىدىن ئاڭلىغان بارلىق ھەدىسلەرنى خاتىرىلەپ ماڭغان. ئۇنىڭ سەھىپەسى (ھەدىس يېزىلغان كىتابچە) ئەبۇ ھۇرەيرەنى مەنبە قىلغان نۇرغۇن ھەدىسلەرنىڭ بۈزغۈنچىلىقتا ئۇچرىماي ساقلىنىپ قېلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ سەھىپەنى يغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم زامانىدا يېزىلغان دېيەلمەيمىز. چۈنكى ئۇنىڭ ئىگىسى ھىجرىيە 40 ـ يىلى تۇغۇلغان. پەيغەمبىرىمىز 11 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئەبۇ ھۇرەيرە ھىجرىيە 58 ـ يىلى ۋاپات بولغان. بۇ سەھىپە ئەبۇ ھۇرەيرەدىن بىۋاستە تەلىم ئېلىنىش جەريانىدا توپلانغانلىقتىن، ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئەبۇ ھۇرەيرە ھايات چاغ شۇ دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز. بۇ سەھىپە ھەدىس ئالىملىرى تەرىپىدىن «سەھىھ سەھىپە» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھەدىسلەرنىڭ توپلام بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. بۇ سەھىپىدىكى ھەدىسلەرنىڭ سانى 138 بولۇپ، ئۇلار ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «مۇسنەد» ناملىق كىتابىغا تولۇقى بىلەن كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرى سەھىھۇلبۇخارىنىڭ ھەر قايسى بابلىرىغا بېرىلگەن. ئۇنىدىن باشقا ھەزرىتى ئەلى، ئابدۇللا ئىبنى ئەبى ئەۋفا، سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ، جابىر ئىبنى ئابدۇللا قاتارلىق ساھابىلەرمۇ سەھىپە دەپ ئاتالغان ۋاراقلارغا ھەدىسلەرنى يازغان. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ھەدىسلەر پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا قۇرئان كەرىمدەك ئومۇمىيۈزلۈك خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا قىسمەن خاتىرىلىنىپ كەلگەن. ئىبنى ئابباسنىڭ بايان قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا قاتتىق ئاغرىپ ياتقاندا، ئۇ:« ماڭا يازىدىغان نەرسە بېرىڭلار، مەن سىلەرگە شۇنداق بىر نەرسە يېزىپ بېرەيكى، بۇنىدىن كېيىن ئازمايسىلەر» دېگەن. لېكىن ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنىمۇ كۆچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن باشقىلارنى توسۇپ قويغان. بۇنىڭدىنمۇ ھەدىسلەرنى خاتىرىلەشكە

بولىدىغانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈم ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىش دەل ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇشتىن تۆت كۈن ئىلگىرىلا يۈز بەرگەن ئىدى.

دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ھەدىسلەرنىڭ خاتىرىلىنىشى قۇرئان بىلەن بىر سەھىپىدە يېزىلماسلىق شەرتى ئاساسىدا تار دائىرىدە خاتىرىلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە كەڭ دائىرىدە خاتىرىلەش يولغا قويۇلمىغان. بۇ مەزگىلدە ھەدىسلەرنىڭ تارقىلىشى ئاساسەن يادلىنىپ كۆڭۈللەردە ساقلىنىش، ئاغزاكى رىۋايەت قىلىش ۋە ئاغزاكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈش يولى بىلەن داۋاملاشقان. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشنى خالايدىغانلار مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭشۇ ھەقتىكى ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

بەزى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات:

1 . مۇھاجىرلار:

ئەسلىدە ھىجرەت دېگەن سۆز تومۇرىدىن شاخلىنىپ ۋە تۈرلىنىپ چىققان ئاتالغۇ بولۇپ، ھىجرەت قىلغۇچى، تەرك ئەتكۈچى دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. ئىسلامىيەت دۇنياغا يۈزلەنگەندىن بۇيانقى 14 ئەسىر جەريانىدا تۈرلۈك قىيىن ـ قىستاقلار دەستىدىن دىنىنى ۋە ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئېھتىياجى بىلەن ۋەتىنىدىن ئايرىلغانلار مۇھاجىر دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن يۇقىرىقى ماقالىدىكى «مۇھاجىرلار» ئاتالغۇسى بىلەن «ئەنسارلار» ئاتالغۇسى خاس ئاتالغۇ بولۇپ، 614 ـ يىلدىن 630 ـ يىلى يانۋارغىچە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مەككە شەھرىدىن باشقا يىراق ئەللەرگە ھىجرەت قىلغان ساھابىلەر مۇھاجىرلار دەپ ئاتىلىدۇ. دارۇل ھىجرەت (ھىجرەت ماكانى) مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى ساھابىلەر، مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلار دەپ ئىككى تۈرگەبۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھاجىرلار مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلار بولسا، ئەنسارلار ئۇلارنى قارشى ئالغان ۋە ئىزچىل ياردەم بەرگەن يەرلىك ساھابىلەردۇر. پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدىكى تۇنجى مۇھاجىرلار ھەزرىتى ئوسماننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 ئەر ـ ئايال بولۇپ، ئۇلار تۇنجى قېتىم مەككىدىن ھەبەشىستانغا (ھازىرقى ئېفيوپىيە) ھىجرەت قىلغان. ئەڭ ئاخىرقى مۇھاجىر ھەزرىتى ئاbbاس بولۇپ، ئۇ ھۆدەيبىيە سۈلھى بۇزۇلغاندىن كېيىن، مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. بىراق ئۇ يېرىم يولدا مەككىگە قوشۇن تارتىپ كەلگەن پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇھاجىر دەپ ئاتىغان.

2 . ئەنسارلار:

ئەرەبچە ياردەم بېرىش مەنىسىدىكى سۆز تومۇرىدىن تۈرلىنىپ چىققان ئاتالغۇ بولۇپ، ياردەم بەرگۈچى، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگۈچى دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ يۇقىرىقى « مۇھاجىرلار » ئاتالغۇسى بىلەن روبىرو كېلىدىغان بولۇپ، ئادەتتە مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ساھابىلەرنى قارشى ئېلىپ كۈتۈۋېلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماددىي جەھەتتىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، مەنىۋى جەھەتتىن قېرىنداشلىق ئورنىتىپ، ئۇلارغا مۇساپىرلىقنىڭ ۋە مۇھاجىرلىقنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرى ۋە قايغۇ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرالايدىغان دەرىجىدە ئىنسانپەرۋەرلىك كۆرسەتكەن يەرلىك ساھابىلەر ئەنسارلار دەپ ئاتىلىدۇ.

3 . ئىبنى ئەسىر ۋە كىتابى " أسد الغابة في تمييز الصحابة ":

ئىسلام تارىخچىسى ئىبنى ئەسىرنىڭ تولۇق ئىسمى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇكېرىم ئىبنى ئابدۇۋاھىت جەزەرى ئەل شەيبانى بولۇپ، كېيىنچە ئاۋام تەرىپىدىن ئىززىددىن ئەبۇلھەسەن جەزەرى دەپ داڭق چىقارغان. ئۇ1160 ـ يىلى 12 ـ ماي ئىبنى ئۆمەر بوستانلىقىدا ( ھازىرقى تۈركىيە ـ سۈرىيە چېگرىسىدىكى دەجلە دەرياسىبويىغا جايلاشقان كىچىك بوستانلىق مەھەللە بولۇپ، تۈركىيە ـ ئىراق چېگرىسىغمۇ يېقىن. شىرناققا قاراشلىقجاي) تۇغۇلغان. 1233 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇن ئىراقنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم شەھەر موسۇلدا ۋاپات بولغان. ئۇ سۇلتان سالاھىددىن ئەييۇبى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ "الكامل في التاريخ " دېگەن كىتابى مىلادى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىسلام تارىخىدا ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە يېگانە تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىدىن باشقا ئاپتورنىڭ يەنە «التاريخ الباهر في الدولة الأتابكية »، « اللباب فيتهذيب الأنساب »، « أسد الغابة في معرفة الصحابة» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلىرى بار بولۇپ، بۇ تۆت ئەسەر ئارقىلىق ئاپتور تارىخ ئىلمىنىڭ تۆرلىرىدىلا تۆت تۆردە ئەسەر يېزىپ چىققان بولىدۇ.

«أسد الغابة في تمييز الصحابة» دېگەن كىتاب ئەلكامىل فىي تارىخ دېگەن داڭلىق تارىخىي كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىبنى ئەسىر جەزەرى تەرىپىدىن يېزىلغان، مەشھۇر ساھابىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى يېزىلغان تارىخ كىتابى بولۇپ، 7554 نەپەر ساھابىنىڭ تەرجىمىھالى بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب ساھابىلەر ھاياتى ھەققىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ بىرىدۇر. بىراق كىتابنىڭ ھەجمى بەك چوڭ بولغاچقا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم قىسقارتىپ تەييارلانغان. شۇ قاتاردا مىلادى 1305 ـ يىلى ۋاپات بولغان قەشقەرلىك فىقھشۇناس ئۆلىما سەدىددىن كاشغەرىيمۇ بۇ كىتاپنى قىسقارتىپ تەييارلىغان. ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم كىتابى1889 ـ يىلى قازان شەھرىدە بېسىلغان.

(داۋامى بار)

پايدىلانغان مەنبەلەر :
1 . ھەدىس شەرىپ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان. مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم، ختاي مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى، 2004 ـ يىللىق 4 ـ سان، ئومۇمىي 73 ـ سان
2 . التاريخ الكبير ( تارىخ كەبىر )، ئىمام بۇخارى، 2 ـ توم 58 ـ بەت، 5 ـ توم 233 ـ بەتلەر
3.أُسْد الغابة في معرفة الصحابة . لعز الدين أبي الحسن الجزري الموصلي (555-630 هـ) المعروف بابن الأثير الجزري (1160 ـ 1233)
4 . تاريخ الإسلام (ئىسلام تارىخى)، ئىمام زەھەبى، 1990 ـ يىل نەشرى
5 . الإصابة في تمييز الصحابة للحافظ ابن حجر العسقلاني ، 6 ـ توم، 188 ـ بەت
6 . پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىكى زور ئىشلار يىلنامىسى
7 . ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى
8 . ۋىكىپېدىيا قامۇسى



مىسلىسىز ئۆگىنىش

# پەرزەنت تەربىيىسى

## ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئەمما ئۆز مەپتۇنلۇقتىن ئۇزاق پەرزەنت يېتىشتۈرۈش

دۇنكان فىشېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئەمما ئۆز مەپتۇنلۇقتىن ئۇزاق پەرزەنت يېتىشتۈرۈش

دانكەن فىشېر

باللارنى «ئۆز مەپتۇن» قىلىپ قويمىغان ئاساستا، ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەش مۇمكىن، ئەمما بۇ ئويلىنىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

غەرب دۆلەتلىرىدە «مەنچىلىك»كە (individualism) ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەشكە بارغانسېرى كۆچىمەكتە. گەرچە ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولۇش مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللارغا غۇرۇر تۇيغۇسىنى قانداق سىڭدۈرۈش توغرىسىدىكى كۆز قارىشى خاتا بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ياخشى نىيەتلىك ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ماختىۋېتىپ، باللىنىڭ ئۆز مەپتۇنلۇقىنى، يەنى «ئۆزىنى مۇھىم ۋە ئىمتىيازلىق ھېسابلاش» خاھىشىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئۆز مەپتۇنلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن باللارنىڭ بار تۆت پىرسەنتتىن 15 پىرسەنتكىچە بولغان قىسمىدا، «ئۆز مەپتۇنلۇقتىن مەنبەلەنگەن خاراكتېر بىنورماللىقى» (Narcissistic Personality Disorder) كۆرۈلىدۇ.

ئۆز مەپتۇنلۇق ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنىڭ چېكىدىن ئاشقان ھالىتى ئەمەس، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا «خام خىيال بىلەن ئەمەلىيەتچانلىق»، «ئەۋزەللىك تۇيغۇسى بىلەن پىششىپ يېتىلىش» ۋە «نازۇكلۇق بىلەن چىدامچانلىق»تىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىلىق پەرق بارلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان.

### خام خىيال بىلەن ئەمەلىيەتچانلىق

ئۆزىگە مەپتۇن باللار ئۆزلىرى ھەققىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئىجابىي قاراش («خام خىيال»)لارغا ئىگە. مەسىلەن، 11 ياشلىق ئۆزىگە مەپتۇن بىر بالا «ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا يادرو فىزىكىسى ۋە مېڭە تاشقى كېسەللىكلىرى كەسپلىرىدە ئۇنۇۋان ئالغاندىن كېيىنلا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولىدىغانلىقى»نى ئېيتالايدۇ. مەلۇم بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئۆزىگە مەپتۇن باللار قىيىن مەسىلىنى يېشەلمىگەندىن كېيىنمۇ، «ئىپادەم پەۋقۇلئاددە ياخشى بولدى» دەپ قارىغان. قۇرامىغا يەتكەن ئۆز مەپتۇنلارنىڭ ئەقىل بۆلۈنمىسى ئوتتۇراھال سەۋىيەدە بولسىمۇ، ئۆزىنى «تالانت

ئىگىسى» دەپ قارىۋالىدۇ. ئۆزى مەلۇم بىر گۇرۇپپىنىڭ نەتىجىسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى قالتىس رەھبەر دەپ چاغلايدۇ. باشقىلار ئۇنداق دەپ قارىمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنى «جەلىبكار» دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان باللار ئۆزىگە نىسبەتەن ئىجابىي، ئەمما ئەمەلىيەتچىل قاراشقا ئىگە («ئەمەلىيەتچانلىق»). بۇ باللار ئۆز ئىپادىسىنى ئۆزىگە مەپتۇن باللاردەك ھەددىدىن ئاشۇرۇپ مۆلچەرلىۋالمايدۇ.

## ئاتا ـ ئانىلارغا تەكلىپ

### قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

باللارغا رېئال باھا بېرىڭ. باللار سەلبىي ئىنكاسلارغا قارىغاندا ئىجابىي باھالارنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئوتتۇراھال ئىجابىي ئىنكاسلار ماختاشتىن ياخشىراق. بىر قېتىملىق سىناقتا كۆرسىتىلىشىچە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەققىي (كۆپتۈرۈۋېتىلمىگەن) ماختىشىغا ئېرىشكەن باللاردا كېيىنچە چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرى ئاز بولغان.

### قىلماسلىقا تېگىشلىك ئىشلار:

باللىنى ياكى ئۇنىڭ قىلمىشىنى تەسۋىرلىگەندە «كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك» ۋە «ھەيران قالارلىق» دېگەندەك مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن مەدھىيە سۆزلىرىنى ئىشلەتمەڭ. مەسىلەن، «بۇ ئىشنى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە ياخشى قىپسەن!» دېگەندەك. مەلۇم بىر تەتقىقاتقا كۆرە، ئاتا ـ ئانىسى ھەددىدىن زىيادە ماختىۋەتكەن باللاردا ئالتە، 12 ۋە 18 ئايدىن كېيىن ئۆز مەپتۇنلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەن.

### ئەۋزەللىك تۇيغۇسى ۋە پىششىپ يېتىلىش

ئۆزىگە مەپتۇن باللار باشقىلارغا قارىغاندا ياخشى بولۇشقا (ياكى شۇنداق كۆرۈنۈشكە) تىرىشىپ، ئۇلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ («ئەۋزەللىك تۇيغۇسى»). ئۇلار باشقىلارغا كەمدىن كەم كۆڭۈل بۆلۈشى، ھالىغا يېتىشى ياكى ھېسداشلىق قىلىشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان باللار باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشكە قارىغاندا ئۆزىنى ياخشىلاش («پىششىپ يېتىلىش»)قا بەكرەك قىزىقىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاتا ـ ئانىلارغا تەكلىپ:

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

بالىلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى ۋە ئىستراتېگىيەسىنى ماختاڭ (مەسىلەن: «بۇنى قىلىشىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۇسۇلىنى تېپىپسەن» دېگەندەك)

ئەگەر بالىلار مەغلۇپ بولسا، ئۇلار بىلەن شۇ ئىشتىن قانداق تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىگىلى بولىدىغانلىقى ۋە قانداق ۋاقىتتا باشقىلاردىن ياردەم سوراشنى ئويلىشىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىڭ.

قىلماسلىقتا تېگىشلىك ئىشلار:

بالىلارغا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ھەققىدە بېسىم قىلماڭ.

بالىلارنى نام چىقىرىشقا قىستىماڭ (مەسىلەن، بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە توردا تېخىمۇ كۆپ ئالقىشقا ئېرىشىش ياكى دوست تۇتۇشنى قوللاش؛ ياكى ئېرىشكەن ئالقىشىنىڭ ياكى تۇتقان دوستىنىڭ ئازلىقىنى ئەيىبلەش، دېگەندەك).

نازۇكلۇق ۋە چىدامچانلىق

ئۆزگە مەپتۇن بالىلار ھېسسىيات جەھەتتە ئاجىز كېلىدۇ. تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق بالىلار سەلبىي ئىنكاسلارغا ئۇچرىغاندا، ئۆزىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، نومۇس قىلىپ كېتىدۇ (مەسىلەن، يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىدۇ). شۇنداقلا، ئۇلار تەنقىدىي پىكىرلەرگە غەزەپ بىلەن، جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل نومۇس تۇيغۇسى تەشۋىش ۋە چۈشكۈنلۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان بالىلار ھېسسىيات جەھەتتە چىدامچان كېلىدۇ. ئۇلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارغا تەكلىپ:

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

بالىلارغا شەرتسىز غەمخورلۇق قىلىڭ. ئۇلار مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىڭ. بىر قېتىملىق سىناقتا، بالىلاردىن باشقىلارنىڭ ئېتىراپىغا ۋە شەرتسىز قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن ۋاقىتلىرى ھەققىدە ئويلىنىش تەلەپ قىلىنغان ۋە ئارقىدىنلا ئۇلارغا ئوقۇش نەتىجىسى كۆرسىتىلگەندە، ئۇلار نەتىجىسىنىڭ ناچارلىقىدىن (ئىلگىرىكىدەك) ئۇنچىۋالا نومۇس قىلىپ كەتمىگەن.

ئەگەر بالىلار ناتوغرا قىلىقلارنى قىلىپ قويسا، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى تۈزىتىڭ. ئەمما، شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىڭ ۋە ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىڭ.

قىلماسلىقىقا تېگىشلىك ئىشلار:

بالىلارنىڭ ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاندا ئۇلاردىن زىيادە پەخىرلىنىپ كەتمەڭ، شۇنداقلا ئىپادىسى ئادەتتىكىچە بولغاندا، ئۇمىدسىزلىنىپ، ئۇلارغا سەت قارىماڭ. ئاتا ـ ئانىسى بۇنداق قىلىدىغان بالىلاردا «مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن خۇدىنى يوقىتىش، مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۆزىنى خار كۆرۈش»تەك ئۆز مەپتۇنلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈش ئېھتىمالى تېخىمۇ يۇقىرى.

ئالامەتلىرىدىكى بۇ پەرقلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە مەپتۇن بالىلاردىكى بەزى ئىشلارنى ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان بالىلارغا قارىغاندا ئاز ياكى كۆپ قىلىش خاھىشىدۇر. بۇ پەرقلەر ھەممە بالىغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، بەزى ئۆزىگە مەپتۇن بالىلار ھەم «پىششىپ يېتىلىش»كە، ھەم «ئۇستۇنلۇك قازىنىش»قا تىرىشىشى؛ يەنە بەزىلىرى بۇ ئىككىلىسى ئۈچۈن تىرىشماسلىقى مۇمكىن.

تەتقىقاتچىلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئەمما ئۆز مەپتۇنلۇقتىن يىراق قىلىپ تەربىيەلىشىگە ياردەم بېرىدىغان پروگراممىلارنى تۈزۈش ۋە سىناق قىلىشنى تەۋسىيە قىلماقتا. تا ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ھېچقانداق پروگرامما تۈزۈپ چىقىلمىدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.childandfamilyblog.com/child_development/building_childrens_self_/esteem_without_turning_them_into_narcissists



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2021-يىلى 2– ئاينىڭ 25 – كۈنىدىن 3– ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە)

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن، ئۇيغۇرلارغا
# ئالاقىدار مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر

(2021 ـ يىلى 25 ـ فېۋرالدىن، 2021 ـ يىلى 21 ـ مارتقىچە)

## ئاۋستىرالىيە پارلامېنت ئەزاسىنىڭ چاقىرىقى

مۇھاپىزەتچى گېزىتىنىڭ بىرىنچى مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، كانادا ۋە گوللاندىيە ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزگەن جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئاۋستىرالىيەلىك پارلامېنت ئەزالىرىدىن بىرى ئاۋستىرالىيە پارلامېنت ئەزالىرىدىنمۇ يۇقىرىقىدەك قارار چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان.

## شەرقىي تۈركىستان سەۋەبلىك ھىندىستاننىڭ پاختا ئېكسپورتى ياخشىلانغان

مودا سودىسى تورىنىڭ بىرىنچى مارتتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسى خىتاينىڭ پاختا بازىسى بولغان شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان پاختا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتىن بارا ـ بارا يىنىشقا ئەگىشىپ، 2020 ـ يىلى كۈزدىن ئېتىبارەن ھىندىستاننى مەنبە قىلغان پاختا مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياج كۆپىيىپ، ھىندىستان پاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ياخشىلىنىپ، باھاسىمۇ ئىزچىل رەۋىشتە ئۆرلەپ ماڭغان.

## خىتاي نەنسى پىلۇسىنى تەنقىدلىدى

جۇمھۇرىيەت دۇنياسى تورىنىڭ ئىككىنچى مارتتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بېيجىڭ دائىرىلىرى ئامېرىكانى كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلدى دەپ ئەيىبلىگەن.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ باياناتچىسى نەنسى پىلۇسى ئۆزىنىڭ تۇيتىر ھېساباتىدا ئۆزىنىڭ يېقىندا مەلۇم بىر تەشكىلات تەرىپىدىن ئۇيغۇرلار ئۇيۇشتۇرغان بىر سۆھبەتكە ئىشتىراك قىلغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىلدۈرگەن بولۇپ، خىتاي نەنسى پلۈسنىڭ بۇ قىلمىشىنى خىتايغا قارشى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن ئېغىز بۇرۇن يالاشقانلىق دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن.

بۇ سۆھبەتنى ئامېرىكادا ياشاۋاتقان ئاكتىۋىست روشەن ئابباس خانىمنىڭ «ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى» ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، بۇ تور سۆھبىتىگە نەنسى پلۈسىدىن باشقا روشەن ئابباس، رىشات ئابباس، نۇرى تۈركەل قاتارلىقلارمۇ قاتناشقان.

## خىتاي ۋە روسىيە ئامېرىكا ئۈچۈن تەھدىت، دېيىلدى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈچىنچى مارتتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جو بايدىن خىتاي بىلەن كونسېرى ئېشىۋاتقان رىقابەتنىڭ ئامېرىكا دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ خىرىس ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ دېپلوماتىيە ئەمەلدارى خىتاينى ئامېرىكا مۇشۇ ئەسىردە دۇچ كەلگەن ئەسىرلىك گېئوپولىتىكىلىق سىناق دېگەن.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، بايدېننىڭ 24 بەتلىك دۆلەت مۇداپىئە سىياسىتى دوكلاتىدا روسىيەمۇ ئامېرىكا دۇچ كەلگەن تەھدىتلەر قاتارىدا خىتاي بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاي ئەلچىسى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى يالغانغا چىقاردى

كانادادا چىقىدىغان يەرشارى خەۋەرلىرى تورىنىڭ ئۈچىنچى مارتتىكى خەۋىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاينىڭ كانادادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سوڭ پېيۋۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى ۋە ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقى توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى «ئەسىرلىك يالغانچىلىق» دەپ ئىنكار قىلغان.

## ئىستانبۇلدا مىللەت نۆۋىتى نامايىشى ئىزچىل داۋاملاشماقتا

ئىستانبۇلدا داۋاملىشىۋاتقان مىللەت نۆۋىتى نامايىشى ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن، خەلق ئىزچىل ۋە قىزغىن رەۋىشتە ئاۋاز قوشقان ئەڭ ئىزچىل، ئەڭ جاپالىق ۋە ئەڭ ئاكتىپ نامايىشلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ نامايىشنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغا ئىككى ھەپتىگە يېقىن بولدى. نامايىش ئىستانبۇلنىڭ سارىيەر ناھىيىسىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىغا يېقىن ئورۇندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بولۇپ، يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئاياللار، ياشلار، ئاكتىۋىستلار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ نامايىشقا ئىزچىل ئاۋاز قوشماقتا. ئىگىلىشىمىزچە بۇ نامايىش

نەچچە ئون يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئىزچىل، ھەپتىلەپ داۋاملاشقان بىردىنبىر نامايىش ئىكەن.

## جەۋھەر ئىلھام خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى

9 ـ مارت ئىلھام توختى ئەپەندىنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھام CNN نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئالاقىدار تۈرلۈك سەپسەتە ۋە يالغانچىلىقلىرىغا رەددىيە بەرگەن. خەۋەردە دېيىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرغا قەدەر كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا قارىماستىن تىبەت، خوڭكوڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئىزچىل تۈردە رەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى جەۋھەر ئىلھام ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندە قىلىنغۇچىلاردىن بىر مۇھىتتا چوڭ بولغانلىقىنى، نەچچە قېتىم دادىسى بىلەن بىرگە نەزەربەند قىلىنغانلىقىنى، نەۋرە تۇغقىنىنىڭ دادىسىنىڭ رەسمىنى ساقلىغانلىقى سەۋەبلىك تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان.

## ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئائىت يېڭى دوكلات

ئامېرىكادىكى CNN تورىنىڭ 9 ـ مارت تىۋىتتېردا ئېلان قىلغان خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئائىت بىر مۇستەقىل دوكلاتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش، كەڭ كۆلەمدە لاگېرغا قاماش، پارتىيە ئەزالىرىنى مەجبۇرىي ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇزۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش، ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئۆيىسىدىن ئايرىۋېتىش قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تەبىرىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىدىكەن. خەۋەردە يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئالاقىدار ھەممە پاكىتلارنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى رەت قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ

ئەلجەزىرە تورىنىڭ 10 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا ئاقىللار ئامبىرى يېقىندا دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ئېلىپ بارغان

ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىگەن. دوكلاتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، شى جىنپىڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ دوكلات خىتاينىڭ 1948 ـ يىلىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى تۈنجى مۇستەقىل تەھلىل قىلغان دوكلات بولۇپ، دوكلات ئوتتۇرىدىن ئارتۇق مۇتەخەسسىسنىڭ تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

## خىتاينىڭ بېسىمى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پاناھلىنىشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇردى

فرانسىيە 24 خەۋىرىنىڭ 11 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ۋە خىتاي ۋاكسىنىسىغا تايىنىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ تۈركىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ پاناھلىنىشى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان. يېقىندا خىتايدا ئىمزالىنىپ تۈركىيە پارلامېنتىدا توختىتىپ قويۇلغان جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى سەرگەردانلىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار خىتايغا قايتۇرۇلۇش ئەندىشىسى بىلەن ياشىماقتا. مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان يۇقىرى قاتلاملىق مۇناسىۋىتى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پاناھلىنىشىغا غايەت زور بېسىم ئېلىپ كېلىدىكەن.

## مىنىڭ كىيىمىم ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە مەجبۇري ئەمگىكى بىلەن بۇلغانماسلىقى كېرەك

7 ـ مارت كۈنى فوربېس ژۇرنىلىدا «مىنىڭ ھوقۇق كىيىمىم ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە مەجبۇري ئەمگىكى بىلەن بۇلغانماسلىقى كېرەك» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان رايونىدا ئىشلەپ چىقىرىلغان پاختا دۇنيادىكى پاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقى، خىتايدىن كەلگەن پاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەجبۇري ئەمگەك بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالىدە دېيىلىشىچە، نۇرغۇن شىركەتلەر خىتايدىكى مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن بولسىمۇ، مەجبۇري ئەمگەك بىلەن باغلىنىشلىقى بار بولغان شىركەتلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، بىزنىڭ كىيىملىرىمىزنىڭ خىتايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇري ئەمگىكىگە باغلىنىش مۇمكىنچىلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قانۇن لاھىيىسى ئىزدەۋاتىدۇ

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 5 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكادىكى ئىككى پارتىيىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ ئىلتىماسىنى تېزلىتىدىغان قانۇن لاھىيىسى تەييارلاۋاتقان بولۇپ، بۇ خىتايدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كۆپ سانلىق مۇسۇلمان كۆچمەنلەرنى قوللاشتىكى تۇنجى قېتىملىق قانۇن چىقىرىش تىرىشچانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. خەۋەردە دېيىلىشىچە، فىلورىدا پارلامېنت ئەزاسى، دېموكراتچى تېد دۇيچ (Ted Deutch ) بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى مارىيو دىئازبالارت (Mario Diaz ـ Balart) كىلەر ھەپتە ئىچىدە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى نىشان قىلغان.

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا 2022 ـ يىللىق خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى

نيۇيورك پوچتىسى گېزىتىنىڭ 8 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنى ئۆتكەن يىلى خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سەۋەبىدىن 2022 ـ يىللىق قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى خىتايدىن يۆتكەش ئۈچۈن سۇنغان ئەرزىگە سەل قارىغانلىقى بىلەن ئەيىبلىگەن. خەۋەردە دېيىلىشىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ «سىياسىي بىتەرەپلىك»نىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنالمايدىغانلىقىنى، 2022 ـ يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن بۇرۇن چۇقۇم ھەرىكەت قوللىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىستانبۇلدا خىتايدىكى جازا لاگېرلىرىغا قارشى نامايىش قىلدى

ئەنگەنلىك خەۋەرلەر تورىنىڭ 8 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇلدا ياشايدىغان يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى خەلقئارا ئاياللار بايرىمى كۈنىدە نامايىش ئۆتكۈزۈپ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىنى تاقاشنى تەلەپ قىلغان. قوللىرىدا خىتايغا قارشى لوزۇنكىلارنى كۆتۈرگەن نامايىشچىلار خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى كونسۇلخانىسىدىن نەچچە يۈز مېتىر يىراقلىقتا نامايىش قىلغان. خەۋەردە يەنە تۈركىيەدىكى ياخشى پارتىيىنىڭ رەئىسى مەرال ئاقشەنەر (Meral Akşener) خانىمنىڭ كانادا ۋە گوللاندىيەنىڭ ئىزىنى بېسىپ، تۈركىيە پارلامېنتىدىن خىتاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ۋەھشىيلىكىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدا قۇم ـ بوران ئاپىتى يۈز بەردى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 15 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، دۈشەنبە كۈنى خىتاي پايتەختى بېيجىڭدا 10 يىلدىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان كەڭ كۆلەملىك قۇم ـ بوران ئاپىتى يۈز بەرگەن. بۇ ھاۋا ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان سېلىش جەھەتتە ناھايىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر كۇب مېتىردا ئەللىك مىكروگىرامدىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك بولغان قۇم بوران مىقدارى يۇقىرىلاپ سەككىز مىڭ مىكروگىرامغا يەتكەن. ھەتتا بەزى مۇلاھىزىچىلەر، بۇنى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىشىنىڭ بېشارىتى دەپ قارىغان.

## ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2022 ـ يىللىق خىتاي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشى كېرەك

تەيۋەن ۋاقتى گېزىتىنىڭ 11 ـ مارتتىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ 1936 ـ يىلىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشى يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ رەزىللىك بولغان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا كۆز يۇمۇش ئارقىلىق ئالتە مىليون ئىنسانىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشى تارىختىكى ئۆچمەس داغ بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئوخشاش رەزىللىكنى قايتا تەكرارلىماقتا. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئېلىپ بارغان رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشى 2014 ـ يىلدىن باشلاپ بارغانسېرى كۈچەيگەن بولۇپ، ھازىرغا كەلگەندە رايوندىكى كىشىلەر كىشىلىك ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان ۋە ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق كىشى جازا لاگېرلىرىغا قامالغان. خەۋەردە يەنە دۇنيانىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن 2022 ـ يىللىق خىتاي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشى، بارلىق ئامېرىكالىقلار ۋە باشقا ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان كىشىلەرنىڭ ئادالەت چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنغان.

## ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قارىتا جازا يۈرگۈزىدۇ

ۋال سىجرىت ژۇرنىلىنىڭ 11 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ياۋروپا ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان تۆت ئەمەلدار ۋە بىر ئورۇنغا ئىمبارگو يۈرگۈزۈشنى پىلانلىغان بولۇپ، بۇ جازا ساياھەت چەكلىمىسى ۋە مال مۈلكىنى توڭلىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. خەۋەردە بىلدۈرۈشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قېتىملىق ئىمبارگو يۈرگۈزۈشى 1989 ـ يىلىدىكى تيەنئەنمېن مەيدانى قەتلىئامىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قارىتا جازا يۈرگۈزۈشى بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى، شۇنداقلا ئامېرىكا ۋە باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان.

## ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 11 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن 18 ـ ۋە 19 ـ مارت ياپونىيە بىلەن كورىيەگە قىلغان تۇنجى چەتئەل زىيارىتىدىن كېيىن، ئالياسكادا خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشىدىكەن. ئاقساراي ئاخبارات ئىشلىرى كاتىپى جېن پساكىنىڭ (Jen Psaki) بىلدۈرۈشىچە، ئالياسكادىكى بۇ قېتىملىق خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ھەل قىلىش كېلەر ھەپتە خىتاي بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ بۇۋاستە مۇنازىرە تېمىسى بولىدىكەن.

## ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ھۆكۈمەتنى خىتايدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا چاقىردى

دەۋر گېزىتىنىڭ (the epoch time ) 15 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، دۈشەنبە كۈنى ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇرلار كانبېررادىكى فېدېراتسىيە پارلامېنتىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىدىن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ھازىرغا قەدەر ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى خىتايدىكى خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش، نارازىلىق قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى رەسمىي ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېلان قىلمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

## بېنگالدىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى خىتاي بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلدى

ئىقتىساد ۋاقتى گېزىتىنىڭ 12 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، بېنگالدىكى بىر قانچە ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان زىيانكەشلىكىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئۇلار يەنە خىتاي ماللىرىنى بايقوت قىلىشقا چاقىرغان. بېنگالدىكى ئاممىۋى مۇلازىمەت ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى مۇفتى فاخرۇل ئىسلام (Fakhrul Islam) ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان زىيانكەشلىكىنى توختاتمىسا دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سۈكۈت قىلمايدىغانلىقىنى، زوروۋر تېپىلغاندا بېنگالدىكى خىتاي باش ئەلچىسىنى قوغلاپ چىقىرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن. خەۋەردە يەنە، بىر ئىسلامىي تەشكىلاتنىڭ باش كاتىپى ئەلھەج ئەزەمخاننىڭ (Alhaj Azam Khan) دۇنيادىكى بارلىق دېموكراتچىلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى بىرلەشمە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىق قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چاقىردى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 22 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا، كانادا ۋە ئەنگلىيە دۈشەنبە كۈنى خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان باستۇرۇش قىلمىشى سەۋەبلىك ئەيىبلىگەن. بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىۋاتقانلارغا ئادالەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى خىتايغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلدى

سىياسەت گېزىتىنىڭ 22 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ كانادا، ئەنگلىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ئىتتىپاقداشلىرى دۈشەنبە كۈنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان بىر قانچە خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ جازا ئامېرىكا ۋە خىتاي يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالياسكادىكى جىددىي ئۇچرىشىشىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان. ئامېرىكا بۇ قېتىم شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشلەپ چىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ كاتىپى ۋاڭ جۈنجېڭ (Wang Junzheng) بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى چېن مىڭگودىن (Chen Mingguo) ئىبارەت ئىككى خىتاي ئەمەلدارغا جازا يۈرگۈزگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىككى خىتاي يەر شارى ماگنىتسكى قانۇنىغا ئاساسەن جازاغا تارتىلىدىكەن. خەۋەردە يەنە ئەنگلىيە، كانادا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭمۇ

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ ۋەھشىيلىكىگە قارشى ھەر خىل جازا يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاي ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلغان تەتقىقاتچى قولغا ئېلىندى

ئامېرىكىدىكى ياخۇ خەۋەرلەر تورىنىڭ 19 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي ھەربىي ئىشلار ئاخبارات خادىمى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تەتقىقات ئورنىدا دېڭىز ئۈستى ۋە دېڭىز ئاستى پاراخوتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئېستونىيە پۇقراسىنى تەكلىپ بىلەن جاسۇسلۇققا ئىشلەتكەن. بۇ جاسۇس ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن ئېستونىيەدە داڭق چىقارغان تەتقىقاتچى تارمو كۇتس (Tarmo Kouts) بولۇپ، ئالدىنقى ھەپتە ئەيىبلىنىپ ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئېستونىيەدىكى جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنى KAPO نىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ۋە تاللىننىڭ (Tallin) يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ئالېكساندىر تۇتسىنىڭ (Aleksander Toots) بىلدۈرۈشىچە، كۇتس 2018 ـ يىلى مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىرلەشمە خىزمەتچىلەر بۆلۈمى خىتاي ئاخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن جاسۇسلۇققا سېتىلغان بولۇپ بولۇپ، جاسۇسلۇق قىلغان مەزگىلدە NATO نىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىگەن. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، كۇتس 2018 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى دېڭىز ئاستى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ھېسابلىنىدىكەن.

## بىلىنكىننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا ـ خىتاي سودا مۇناسىۋىتى توقۇنۇشتى

ئامېرىكىدىكى CNN تورىنىڭ 19 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، 18 ـ مارت ئامېرىكا ـ خىتاي يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يۈز تۇرانە ئۇچرىشىشى ئالياسكىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكىن ئامېرىكانىڭ قانۇن تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان تەرتىپلەرنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان، تەيۋەن، خوڭكوڭ قاتارلىق رايونلاردىكى قىلمىشلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭغا چىدىمىغان خىتاي ئامېرىكانى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئوبرازىنى ئۆزگەرتىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئىچى مۇقىملىقىنى مەسخىرە قىلغان. يىغىن ناھايىتى كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، خىتاي ئەمەلدارى ئىگىلىك ھوقۇق، بىخەتەرلىك ۋە يادرولۇق مەنپەئەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەردە بىز ھېچقاچان مۇرەسسە قىلمايمىز ۋە سودىدىن چېكىنمەيمىز دەپ بىلجىرلىغان.

## تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭيىنىڭ تۈركىيەگە زىيارەتكە كېلىشىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى

25 ـ فېۋرال خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى تۈركىيەگە زىيارەتكە كەلدى. بۇ مۇناسىۋەتلىك بىلەن تۈركىيەدىكى ھەر قايسى تەشكىلاتلار ۋە خەلق ئاممىسى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا ۋە بەيازىت مەيدانىدا خىتايغا قارشى نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئىگىلىنىشچە، ۋاڭ يىنىڭ تۈركىيە زىيارىتى ئىككى كۈن داۋاملىشىدىغان بولۇپ، كۆزەتكۈچىلەر ۋاڭ يىنىڭ بۇ قېتىملىق تۈركىيە زىيارىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياخشى ئەھۋال ئەمەسلىكىنى بايان قىلىشماقتا.

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئەڭ زور تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنسېرى، خىتايغا تېخىمۇ بەك قەيسەرلىك بىلەن، ئىزچىل قارشى تۇرۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈرەش ئېڭىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسۈۋاتقانلىقىنىڭ، زۇلۇمغا باش ئەگمەيدىغان مەردانىلىكىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن.

## ۋولكىسۋاگېن شىركىتىنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى داۋاملاشماقتا

شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن پىلانلىنىپ ئۇيۇشتۇرۇلغان دۇنياغا داڭلىق ۋولكىسۋاگېن ماشىنىسازلىق شىركىتىنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى ياۋروپا، كانادا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ باش كاتىپى دىليار مۇسابايىنىڭ بايانىچە، بۇ ھەرىكەتتىن زۇلۇمغا يانتاياق بولىۋاتقان ۋولكسۋاگېن شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان شىركىتىنى تاقىتىش مەقسەت قىلىنغان ئىكەن. بۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتىشتە ، شۇنداقلا ھەر قايسى دۇنياۋى شىركەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇرلارنى ئېزىشىگە يانتاياق بولۇشىنى توسۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىكەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## رۇسلان يۇسسۇف

ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسام، سەنئەت مائارىپچىسى رۇسلان يۇسسۇف ئەپەندى ( 1950-2021)



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

مىللىي بايراملىرىنى ئۇنۇتقان مىللەت تارىخ ئېڭىنى، تارىخ ئېڭىنى يوقاتقان مىللەت مىللىي دۆلىتىنى يوقىتىدۇ